# ئالىي مەكتەپتە زادى نىمە ئۆگىنىش كېرەك؟

ئاپتورى: چېن بىياۋشى (覃彪喜)

ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسى تەرجىمىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسىدىن ۋولقان

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار:

چېن بىياۋشى(覃彪喜)

**1980**-يىلى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ لوڭ خۇي دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، **2002**-يىلى جوڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئالدى كەينى بولۇپ ئالىي مەكتەپ پرافىسورى، ئۆي مۈلۈك پلانلىغۇچىسى، IT بۆلۈمىنىڭ دىرىكتورى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر شىنجېن شەھىرى خۇي رۇ تاڭ مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرىكتورى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

لياۋ يوڭ ۋو، **23** ياش، بېيجىڭ گاۋ شيوڭ شىر شۈن شىركىتىنىڭ باش لىدىرى

بىر ياش ئىگىلىك قۇرغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇ بىر قانچە يىلدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىمنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دوستلىرىم بىلەن بىرلىكتە پايدىلانماقچى

ئىدىم.لېكىن. ئاپتورنىڭ بۇ كىتابى مېنىڭ ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپتۇ.

مۇندەرىجە

1. ئالىي مەكتەپتە زادى نىمە ئۆگىنىش كېرەك ؟

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلەرنىڭ تۈپتىن پەرقى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر تېخنىكىنى ئىگەنلىگەنلىكىدە ئەمەس.... ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى نەتىجىسىدىكى خاتا قاراشتا چىڭ تۇرىدىغان كىشىلەر، ھېچنىمىنى ئويلانماستىن توغرا قاراشنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان كىشىلەردۇر... مەكتەپ قورۇسىدىكى ئوت چۆپلەر يىلمۇ-يىل مەكتەپ قورۇسىدا ياشارسا بولىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئورنىمىز يىڭى بىر گۇرۇپپا كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىدۇ...گەرچە بىز دائىم بېلىق تۇتىدىغان تور تۆشۈك تور بولسىمۇ، لېكىن بىز بېلىق تۇتۇشنى ئويلايدىكەنمىز، بىز چوقۇم بىر ياخشى بېلىق تورى توقۇپ چىقىشىمىز لازىم.

2. ھايات يولىنى پىلانلاش: كەلگۈسىدىكى ھەل قىلغۇچ تاللاش

ئەگرى توقاي يوللارنى بېسىشنى خالىمىساق، چوقۇم يىقىن يولنى بېسىشىمىز لازىم... ئەمەلدارلىق، سودا ساھەسى، ئىلىم-پەن تەتقىقات. ھاياتلىقتىكى بۇ ئۈچ يول ئېغىزىدا، سىز قەيەرلەرگە بېرىپ، نىملەر بىلەن شۇغۇللىنىسىز.... 100 نەچچەيلەن بىلەن بىرلىكتە5 دانە خىزمەت ئورنىنى تالىشىش، ئەلۋەتتە بىر ئادەم بىر خىزمەت ئورنىنى تالاشقانغا يەتمەيدۇ...ئىلىم پەن روھى ئەلۋەتتە كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەت قاتارلىق جەمىيەتىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ جەلپ قىلىشىدىن مەلۇم ئارلىق ساقلىشى... سودا ساھەسى ھەر قانداق گۈزەل رىۋايەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. بەلكىم سىز كەلگۈسى رىۋايەتنىڭ باش پرسوناژى بولۇپ

قىلىشىڭىز تامامەن مۇمكىن...

3. كەسپىنىڭ ياخشى-ناچىرى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك مەكتەپنىڭ يۇقىرى-تۆۋىنى

ھېچقانداق بىر ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن سىزنى مەلۇم مەكتەپكە ياكى مەلۇم بىر كەسىپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىمايدۇ...تۇرمۇشىمىزدا ئېھتىماللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر نەچچە خىل مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ...ئەگەر پەن تېخنىكىنى دىسەك بەك ئاقمايدىغان كەسىپلەر بەزى ئاقىدىغان كەسىپلەرگە قارىغاندا ئاسانراق نەتىجە قازىنالايدۇ...كەسىپ ھالقىپ ئۆگىنىش ئاللىقاچان بىر يىڭىچە ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى....ئالىي مەكتەپلەر ئارىسىدىكى رىقابەت ئاسپىراتلىق ئىنتىھانى ۋە ئىقتىسادلىقلار بازىرىغا بارغاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

4. بىر كەسىپكە ماھىر بولۇش، لېكىن بىرلا كەسىپ ئۆگىنىشتە چەكلىنىپ قالماسلىق

مىڭ ھۈنەرنى بىلگەندىن بىرھۈنەرگە پىششىق بولغان ياخشى...ئون دانە ئون پىرسەنت ھەرگىزمۇ يۈز پىرسەنتكە تەڭ ئەمەس، ئەمەلىيەتتە نۆلگە تەڭ خالاس...رىئال تۇرمۇشىمىزدا بىر ئادەمنىڭ ھەقىيقى قىممىتى باشقىلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئېرىشكەندە، ئاندىن ئادەمنىڭ ئەڭ يۈز ئابرويى، ئىززەت-ھۆرمىتى بولىدۇ... نىمنى ئۆگىنىشنىڭ لازىملىقىنى بىلمەكچى بولساڭ ئەڭ ياخشى بىر ئۇسۇلى خىزمەتچى قوبول قىلىش ئۇچۇرلىرىغا كۆپرەك دىققەت قىلىشتۇر...نۇرغۇنلىغان كەسىپلەرنىڭ مۇكەممەل بولمىغان ئالاھىدە ئۈنۈمى يوق....نىمە ئۈچۈن "بىرگە بىرنى سوۋغا قىلىش"دىگەندەك سىپتىشنى تىزلىتىش ئىدىيىسىنى خىزمەتچى قوبۇل قىلىش جەريانىغا جانلىق ئىشلەتمەيمىز...

5. دەرس تاشلىمايدىغان ئوقۇغۇچى ياخشى ئوقۇغۇچى ئەمەس

بىر دەرىستىنمۇ قاچمايدىغانلار بىلەن ھەممە دەرىستىن قاچىدىغانلارنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق...ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش، ئەڭ مۇھىم بولغان بىر مەسىلە ئۇچرىغان مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىشنى ئۆگىنىش...دەرىستىن قېچىشنىڭ يامان يېرى يوق، لېكىن دەرىستىن خاتا قېچىپ قالماسلىق كېرەك...چەت ئەل تىلى بۇلۇڭى ھەرگىزمۇ تىل ئۆگىنىدىغان يەر ئەمەس...چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كەسپىنى تاشلاپ قويۇش بولسا، لازىملىقىنى تاشلاپ قويۇپ، پايدىسىزنى ئۆگەنگەنگە ئوخشايدۇ. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئادەم تەربىيلەيدىغان ئورگان ئەمەس بەلكى ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇن...ھەم دەرىستىن قېچىش ھەم ئىنتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىش...

6. تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش دىئالىتكىسى

ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى پۇل تېپىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىدە بار بولغان پۇلنى تېجەش...بىر قىسىم قىزلارنىڭ نەزىرىدە، كومپيوتېرنى كىنو قويۇش ئاپاراتىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ؛ بىر قىسىم ئوغۇللىرىمىزنىڭ نەزىرىدە، كومپيوتېر بولسا ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقتىن ئىبارەت... قىزلىق پەردىسىنىمۇ يالغان ياسىغىلى بولىدىغان بۇ زاماندا، يەنە قانداق نەرسە بىزنى ئاسانلا ئىشەندۈرەلەيدۇ....ئادەمنىڭ بىر مەسىلىگە بولغان قارىشى ھەممە نەرسىنى بەلگىلەيدۇ...ئەگەر ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدىغان بولساق، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى پەقەت قوشۇمچە خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇغۇچى دىسەك بولىدۇ....

7. توختىماي ئىشلەش كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغانغا يەتمەيدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئاخىرىقى غەلبىنى بەلگىلەيدۇ.

ئوقۇش مەلۇماتى يۇقىرى بولغانلار ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلارغا يەتمەيدۇ، خىزمەتنى

ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلار كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغانلارغا يەتمەيدۇ....ياخشى بولغان سۆزلەش قابىلىيىتى كىشىنىڭ غەلبە كۆرىشىنى 30 يىل ئازايتىدۇ....بىر ئادەمنىڭ پۇلى بار دىگەنلىك ئۇنىڭ قانچىلىك پۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ ، بەلكى بۇ بىر ئادەمنىڭ زادى قانچىلىك پۇلنى ئىشلىتىش هوقۇقىنىڭ بارلىقىنى كۆرستىدۇ.....بىر ئادەمنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ 12.5%تى ئۆزىنىڭ بىلىمىغا تايىنىپ تاپقان بولىدۇ، قالغان 87.5% بولسا كىشىلىك مۇناسىۋەتتىگە تايىنىپ تاپقان بولىدۇ....30 ياشتىن بۇرۇن ئادەم ئۆزىنىڭ كەسپىگە تايىنىپ پۇل تاپقان بولسا، 30 ياشتىن كېيىن كىشىلىك مۇناسىۋەتتىگە تايىنىپ تاپقان بولىدۇ....سىز بىلەن يەر شارىدىكى هەرقا نداق بىر كىشى پەقەت تۆت ئادەم ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان بولىدۇ....

8.ئالاقە تورى

ئىككى سائەت سەرپ قىلىپ قىلچە يۇچۇق بولمىغان ناهايىتى ياخشى مۇنەۋۋەر بولغان دېتسىرتاتسىيە ماقالىسىنى يېزىپ چىقىش، ئىنتېرنېت تورى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلغان بۈگۈنكى كۈندە قىلچە تەس ئىش ئەمەس...... ئىنتېرنېت توردىن ئىبارەت بۇ ساهەدە ئۆزگىچە ئىگىلىك تىكلەشتە ئانچە كۆپ تېخنىكىمۇ كەتمەيدۇ. ئەڭ مۇهىمى، بازار كۆز قارىشى ۋە ماركىتىڭ ئىقتىدارىدۇر.....هازىر چىرايلىقنىڭ تەلىيى تەتۈر ئىشلار ناهايىتى كۆپ بولۇپ كەتتى. ئەمما پى زى سەي بولسا داۋاملىق باشقا قىزلار بىلەن قايتا قايتا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلدى...... نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تورداشلىرى پۈتۈن جاهانغا تارقالغان، ئەمما ئۇلار ئەزەلدىن ئاكتىپلىق بىلەن ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلىرىغا بىر ئېغىز:«بىز پاراڭلىشىپ باقساق بولامدۇ؟» دەپ گەپ قىلىپ باقمايدۇ.

9.مۇھەببەتلىشىش: قىزىل گۈل ئېچىلغاندا ئۇنى ۋاقتىدا ئۈزۈش كېرەك

مۇھەببەت دىگەن خالىغانچە ئېرىشىدىغان نەرسە ئەمەس، پۇرسەت كۈتسىمۇ بولىدۇ، لېكىنزە مۇھەببەتنى ساختىلىق بىلەن پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ..قانچە غېرىپچىلىق ھىس قىلغاندا، مۇھەببىلەتلىشىشتىن شۇنچە ئېھتىيات قىلىش كېرەك...ئەگەر بويتاقلىقنى نومۇس دەپ قارىساق، سوڭ سۆلالىسىدىكى شى مېن چىڭنىڭ شۇ دەۋردە كۆزگە كۆرۈنگە ئون ياشنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولامدۇ، قانداق؟.... قىزىل گۈل ئېچىلغاندا ئۈنى ۋاقتىدا ئۈزۈش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۈنى بىكاردىن بىكار توزىتىۋەتىشكە بولمايدۇ... بىر ئون مىڭ يۈەن پۇلى بار ئادەم سىز ئۈچۈن يۈز يۈەن خەجلىگەن بولسا، سىز ئۈنىڭ يۈزدىن بىر قىسمىنى ئىگەنلىگەن بولىسىز؛ لىكىن پەقەت ئون يۈەنلا بار بىر كىشى سىز ئۈچۈن ئون يۈەنىنىڭ ھەممىسىنى خەجلىگەن بولسا، نەتىجىدە سىز ئۈنىڭ بارلىقىغا ئايلانغان بولىسىز...

10.جىنسىيەت

مۇھەببەت دەپ ئىغىزدىلا سۆزلىگەنگە بولمايدۇ، يەنە ئەمەلىيەتتىمۇ كۆرسىتىش لازىم....مەن پەقەت ئىككىمىزنىڭ بەدىنى بىرىكىپ بىر بەدەنگە ئايلانغاندىكى ھېسسىياتنى خۇشاللىق دەپ ھىس قىلىمەن دىگەن بىلەن، ئارقىدىنلا مەن تېخىمۇ غېرىپلىق ۋە مەنىسىز ھېس قىلىمەن...ئۇ قىز بۇنداق چوڭ خاتالىقنى ئۆتكۈزىۋاتقاندا، ئۇنىڭ جاپاكەش ئاتا-ئانىسى بۇ قىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدى باش قاتۇرىۋاتقان بولىدۇ...

11. ئاسپىرانتلىققا ئىنتاھان بىرىش: دەرد ئىچىدىكى ئۆلۈم

بەلكىم ياشلىقنى ئىسراپ قىلىشتىنمۇ بەكراق مەغلۇبىيەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك.... ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش سۈرئىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 30%....يەنى ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى 30% دىگەنلىك...ئوخشاش ئۈچ يىللىق تىرىشىش جەريانىدا،سىز E1نىڭ قىممىتىنى1 نى ئاشۇرالايسىز، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە

E2 نىڭ قىممىتىنى2كىگە ئايلاندۇلارايسىز، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن....سىز ئاسپىرانتلىق ياكى دوكتۇرلۇقنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كىيىن سىزنىڭ خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىڭىزنىڭ ئاشقانلىقىنى بىلدۇرمەيدۇ...135400يۈەنلىك يۇقىرى تەننەرقىغا نىسبەتەن سىز يەنە ئىككىلەنمەستىن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇمسىز؟.... تىرىشساقلا ئەلۋەتتە نەتىجىگە ئېرىشىمىز، لېكىن بۇ نەتىجە ئەڭ ياخشى نەتىجە بولۇشى ناتايىن....

12.چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش: «دېڭىز تاشپاقىسى» دىن«خەيدەي»گە ئايلىنىش

ئايلىق ئىش ھەققى 2500 يۈەنلىك خىزمەتنى چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەن ماگىستىرنىڭ تالىشىشى كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ...بەزى كەسپلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئامرىكىغا چىقىپ ئوقۇش بىلەن ئېفئوپىيەگە چىقىپ ئوقۇغاننىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق....دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان شىركەتلەرنىڭ جوڭگۇغا كىلىپ بازار ئاچقۇسى بولىدىكەن، يەنە بىز نىمە ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىپ بىلىم ئېلىپ باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدىكەنمىز ....

13. بىر تۇتاش قۇبۇل قىلىنماسلىق

ئۇ دۆلەتىمىزنى ئۇچۇر سانائىتىدە يىڭى رىكورت ياراتتى. ئۇ دۆلەتىمىزدە «ئىشلەمچىلەر خانىشى» دىگەن نامغا ئېرىشتى. ئەمما ئۇ ئۆزلىكىدىن ئۈگىنىپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بىر ئوقۇغۇچى... بۈرۈن يوقىتىپ قويغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال بۈرۈن باشقىلاردىن ئاز چىقارغان شۇ ئاچچىق تەرنى تولۇقلىشىمىز لازىم...ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى بولغاندىن سىرت، ئۇلار يەنە بىردىن ماھارەتنى ئىگەللىگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنىڭ تولۇقلىغان بولۇپ، ھەر قانداق ئىش قىلسا،ناھايىتى ئوڭۇشلۇق...

**14. ئوقۇش پۇتتۇرۇش: ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان پىستىرما**

ئانا مەكتەپ ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئانا دەپ قارىمايدۇ. سىز يەنە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ بالىسى دەپ قاراپ نىمە قىلىسىز...تەربىيلەش سىنىپلىرى بولسا پۇل خەجلەپ كۆڭلىنى ئارام ئالدۇرۇشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى...ئىقتىساسلىقلار بازىرى بولسا مىنالار قاتىرى...ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن خىزمەت ئىزدەشنىڭ خاتا يىرى يوق، لېكىن ھەرگىزمۇ ئۇسۇل تاللىماسلىقتىن ساقلىنىش كېرەك...ئەگەر خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئورۇنلىرى پۇل تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، كەينىگە بۇرۇلۇپلا قايتىپ كېتىش كىرەك....بۇ يىللاردا ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئۆزىلا ئىسپات بولالمايدىغان تۇرسا، ئېغىزچە كېلىشىش قانداقچە ئىسپات بولالىسۇن....

**15.خىزمەت ئىزدەش:بەك يۇۋاشلاردىن بولۇپ قالماڭ**

خىزمەت ئىزدەش تەرجىمىھالى چوقۇم بىر ئادەمنىڭ مەركىزى رىقابەتلىشىش كۈچىنى كۆرستىپ بىرەلىشى كېرەك....خىزمەت ئىزدىگەندە ھەرگىزمۇ بىرنى بىر دەپ چىڭ تۇرىۋالماسىق كېرەك....بىر ئادەمنىڭ يالغان ئېيتمىقى بەك تەس ئەمەس، ئەمما تەس بولىدىغىنى چاندۇرماستىن ئەڭ ئاخىرىغىچە يالغان سۆزلەش....خىزمەت ئىزدەش قىسقىچە تەرجىمىھالىغا ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىن تولدۇغاندا، چوقۇم تەپسىلىي تولدۇرۇش كېرەك....قىسقىچە تەرجىمىھالنى بىر دانە A4 قەغەزگە جەدۋەل شەكلىدە تولدۇسىلا بولدى...ئەمەلىيەتە يۈز تۇرانە سىناقنىڭ قانۇنىيىتى بار، ھەرقېتىم يۈز تۇرانە سىناققا بارغاندا، پەقەت ئۆلچەملىك جاۋابنى يادلاپ بەرسىلا بولىدۇ....

**16. "ئات" تاپقىچە "ئېشەك" مىن**

ئامرىكا تۆمۈر يولى ئىككى رىلىسنىڭ ئارلىقى4 فۇنت 8.5 ديۇيىم كېلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟ چۈنكى نورمال ئەھۋال ئاستىدا، ئىككى ئاتنىڭ ساغرىسىنىڭ ئارلىقى دەل 4 فۇنت

8.5 دىۋىم كېلىدۇ...ئەخلەت بولسا خاتا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىقتىساس ئىگىسى....يەر شارىدا ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر ئىش، نۇرغۇنلىغان ياشلار ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغانلىقىدا...ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بەلكىم سىزگە ئۆزىڭىزنى چېنىقتۇرىدىغان ئەڭ پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغان جاي بولۇپ قالغۇسى....ئاساسىي قاتلاندىن باشلاش دىگەنلىك ھەرگىزمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر بىر ئىشنى قىلىپ چىقىشتىن دىرەك بەرمەيدۇ...."پۇل تېپىش يولى" ئەلۋەتتەمۇھىم، ئەمما "كەلگۈسى كېلىچەك" تېخىمۇ مۇھىم....

17.ئىشخانا سەنئىتى

چوڭ تىپتىكى كارخانىلار كىشىلىك مۇناسىۋەت قىلىدۇ. كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بولسا توختىماستىن ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.....بىر خىزمەتچىنىڭ ئەمىلىنىڭ ئۆسۈش ياكى ئۆسمەسلىكى، ئۇنىڭ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەش- ياكى ئىشلىمەسلىكىدە بولماستىن، بەلكى خوجايىنىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىكىدە....شىركەتنىڭ ئىشلىرى ۋە مەخپىيەتلىكلىرى مەڭگۈ سىز ئويلىغاندىنمۇ بەكراق مۇرەككەپ ۋە سىرلىق...مۇۋاپىق چاغلاردا ھاماقەت بولىۋېلىش زۆرۈر بولۇپ قالماستىن بەلكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئاقىلانىلىك....سىز خىزمەتداشلىرىڭىزنى ئىسمىنى بىلىدىغان، ئەمما بەك تونۇشۇپ كەتمەيدىغان كىشىلەر قاتارىدا كۆرسىڭىزلا بولىدۇ....

18. ئىگىلىك تىكلەش:29 ياشتىن بۇرۇن پۇلدارغا ئايلىنىش

ئەلۋەتتە، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن توگە يەنىلا ئاتتىن چوڭ.... توقلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن قاپ يۇرەك....ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن توخۇ يۇرەك....ھازىر "چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يېيىش" ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ، "چاققان بېلىق ئاستا بېلىقنى يەيدىغان" زامانغا

ئايلاندى....زامان ئېقىمىنىڭ يۈلىنىشىگە بولغان ئىشەنچ ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى بارلاردا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدارنىڭ بىرى....يۇقىرى بولغان پەن تېخنىكا سەۋىيىسى يىغىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرغان بوشلۇق ئاللىقاچان بەك كىچىكلەپ كەتتى....ئالدىرىسىڭىز بىردەم توختاڭ دىگەن شۇدە. ئىگىلىك تىكلەشتىن بۇرۇن باشقىلارغا ئىشلەپ، تەجرىبىلەرنى يىغىشنىڭ ئۆزى بەك مۇھىم....بازار مەڭگۈ مەھسۇلاتتىن مۇھىم... خەجلەيدىغان پۇلىڭىز يەتمىسە قانداق قىلىسىز؟ بىرىنچى، سەيگە قاراپ تاماق يىيىش؛ ئىككىنچى:پۇل قەرز ئېلىپ بىيىش...

بىز ئالىي مەكتەپتە زادى نىمە ئۆگىنىۋىلىشىمىز كېرەك؟

سىز ئالىي مەكتەپ ئۇقتۇرۇشىنى كۆتۈرگىنىڭىزچە، ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلانغان بولىسىز. بۇ جەرياندا سىز زادى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن جەمىيەتكە چىققانلارنىڭ زادى قانداق پەرقى بار دىگەن تىمىدا ئويلىنىپ باققانمۇ ؟ ئەجەبا ئادديغىنە بىر تال ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى ياكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش كىنىشكىسىمۇ؟ ئالىي مەكتەپتە بىز زادى نىملەرنى ئۆگىنىۋىلىشىمىز كىرەك؟ ئەجەبا بىز ئالىي مەكتەپكە كىلىشتىكى مەقسىتىمىز مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىنالىرىدىن، ئوت-چۆپلەر ۋە كۆللەردىن ھوزۇرلىنىشمۇ؟

ئالىي مەكتەپ ھەرگىزمۇ تېخنىكا مەكتەپ ئەمەس

بىز ئېلىكترومىخانىزىم كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىر ئۇيسىنىدە بىمالال مەشخۇلات قىلىش ۋە ئاسراش خىزمىتىنى قىلالايدۇ، لېكىن تولۇقسىز

ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن تېخنىك ئىشچىسىمۇ بۇنداق مەشغۇلاتنى قىلالايدۇ، ھەتتا بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ياخشى قىلالىشى مۇمكىن، بىر چەت ئەل تىلى فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى راۋان ھالدا چەتئەل تىلىدا سۆزلىيەلەيدۇ ھەمدە بىر ئۆزۈن ھەجىملىك چەت ئەل تىلى ماتېرىيالىنى خەنزۇتىلىغا تەرجىمە قىلالايدۇ. لېكىن چەتئەلگە چىقىپ بىر نەچچە يىل تاتلىق ياڭيۇ سېتىپ كىرگەن كىشىمۇ راۋان ھالدا چەتئەل تىلىدا سۆزلىيەلەيدۇ، ھەتتا بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىنمۇ بەكراق ياخشى سۆزلىيەلەيدۇ؛ بىر تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى تەكشۈرۈشتە تايىنىپ، بىمارنىڭ كېسىلىنى كۆرەلەيدۇ ھەمدە نەچچە يۈز مىليونلۇق كىسەل تەكشۈرۈش ئاپاراتىنىڭ نەتىجىسىگە تايىنىپ بىمارنىڭ كېسىلىنى تاپالايدۇ. لېكىن سەھىيە مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىمۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر نەچچە يىللىق تەجرىبىسىگە تايىنىپ كېسەللەرنى بىمالال ھالدا ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن خوش خەۋەر بىلەن ئېلىپ چىقالايدۇ. قەدىمكى زاماندىكى تېۋىپلار ھېچقانداق ئەسۋاپقا تايانمايمۇ، ئادەتتىكىنە بىر تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن داۋالىيالايدۇ.....

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن جەمىيەتكە چىققانلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىر كەسپنى پىششىق ئۆگەنگەن ياكى ئۆگەنمىگەنلىكىدە ئەمەس. ئۇنداقتا، ئالىي مەكتەپ بىلەن تېخنىكق مەكتەپنىڭ ھېچ قانداق پەرقى يوق دېگەنلىك. ئەڭ كۆپ بولغاندا ئالىي مەكتەپ كۆلىمى چوڭراق بولغان بىر تېخنىك مەكتەپتىن ئىبارەت. تېخنىكا تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىنىڭ تېخنىكىسى تېخنىكا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا يەتمەيدۇ. چۈنكى ئاشپەزلىك كەسپىنىڭ بىرىنچى سائىتىنى سەي توغراشتىن باشلايدۇ، ئەمما ئالىي مەكتەپكە ئاشپەزلىك سىنىپى ئاچىدىغان بولسا، چوقۇم ئالدىنقى ئىككى يىلنى سەرپ قىلىپ ئاشپەزلىكنىڭ جەمىيەتكە بولغان تەسىرى كەسپىي

ئەخلاق، تارىخى تەرەققىياتى، سىنىپى خاسلىقى ۋە تۈرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ چىقىدۇ.

ئۇنداقتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلەر زادى قايسى تەرەپلەردىن ئۆز-ئارا پەرقلىنىدۇ. بىز بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئوقۇغۇچىنىڭ خىزمەت ئىزدەش سەرگۈزەشتىلىرىنىھەققىدىكى بۇ ماقالىنى كۆرۈپ چىقايلى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئازلا ۋاقىت قالدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش رىقابىتى ناھايىتىمۇ كەسكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگەمەن تەلىيى ئەڭ كاجلارنىڭ قاتارىغا كىرىمەن.

بىرىنچى قېتىم، مەن بىر ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ يۈز تۇرانە سىناش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرىۋالدىم. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنى جابدۇيمەن دەپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىكىم ھەمدە يول توسۇلۇپ قېلىش تۈپەيلىدىن، نەقمۇ نەق بىر سائەت كېچىكىپ قالدىم. نەتىجىدە شىركەت خىزمەتچىلىرى قولىدا بىر تىزىملىكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ماڭا :" مېنىڭچە سىز خوجايىن بولۇشقا ماس كەلمىدىكەنسىز، بەلكى بۇ خىزمەتكەئەمەس"دېدى.

ئىككىنچى قېتىم، ئادەتتىكىدەك ياسىنىپ، بىر قائىدە يوسۇن شىركىتىگە كەلدىم. بۇ يەردىكى خىزمەتچىلەر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: " سىز مەكتەپتە سىرتقى كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت ئىكەنلىكىنى ئۆگەنمىگەنمۇ؟ "دېدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئەنگىلىيەنىڭ بىر شىركىتىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. بۇ قېتىمقى پۇرسەت ئالدىنقى ئىككى قېتىمغا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى بۇ قېتىم سىرتقى كۆرۈنۈشكە ھېچقانداق تەلۋى يوق، ھەمدە مەنمۇ دەل ۋاقتىدا

شىركەتكە يېتىپ كەلدىم. بارلىق يۈزتۈرانە ئىنتىھانغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر چوڭ ئۆيگە يىغىلىۋالغان ئىكەن، ئىنتىھان ئالغۇچى ھەر بىر ئادەمگە بىر ۋاراقتىن قەغەز تارقىتىپ بەردى، قەغەز ئۈستىدە بىر قارىماققا ناھايىتى ئاددىيغىنا بىر تېما يېزىلغانىدى. يەنى: ئەنگىلىيىدە ھەر يىلى نەچچە دانە گولف توپ سېتىۋالىدۇ. باشقا ھېچقانداق بىر سانلىق مەلۇمات يوق بولۇپ، 45 مىنوت ئىچىدە تاماملاش كېرەك ئىدى. مەن بۇ باش ئاخىرى يوق تېمىنى كۆرۈپ، قېتىپلا قاپتىمەن. ئارقىدىن مەن ئويدان ئويلىنىپ باقسام، بۇ تېمىغا بىر ئېنىق سانلىق مەلۇمات بىلەن جاۋاپ بەرمەيدىكەنمەن، بەلكى بىر قېتىملىق پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىنى يېزىپ چىقسام بولىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ تېما ئىقتىساد فاكولتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بەكمۇ تەس تېما ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدىكى باشقۇرۇشقا ئائىت بىلىملەر مەن ئۈچۈنمۇ بەك تەس ئەمەس.

بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان" ئەنگىلىيە سېتىۋالىدۇ" دىگىنىمىز ئەمەلىيەتتە ئىمپورت قىلىدۇ دىگەندىن ئىبارەت. ئىمپورت قىلىش سانى بىلەن ئەنگىلىيە بازىرىنىڭ بازار ئېھتىياجى بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بازار ئېھتىياجى بىلەن ئەنگىلىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەنگىلىيىدە قانچىلىك نوپۇس بار بۇ مېنىڭ كاللامدا بىر سان بولۇشى كېرەك. مەن بۇنى 16 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ئارلىقتا نەچچىلىك ئادەم بار، بۇنىڭدىن 30 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلا رنىڭ ئىچىدە قانچىلىك ئادەم گولف توپ ئوينايدىغانلىقىنى پەرەز قىلسام بولىدۇ.

مەن بۇنى تەپسىلىي ھېساپلاش ئۈچۈن، مەن ئىنتىھان قەغىزىگە قاندان ئەۋرىشكە ئېلىپ ھېسابلاش كېرەكلىكىنى تەپسىلىي يېزىپ چىقتىم.مەن بۇ باسقۇچلارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، مەن 500 مىڭ ئادەمنى گولفتوپ ئوينايدۇ دەپ پەرەز قىلدىم، بۇنىڭ ئىچىدە دائىم گولف

توپ ئويناۋاتقانلار قانچىلىك، بۇلار بىر يىلدا قانچە توپ ئوينايدۇ، باشقىلار بىر يىلدا نەچچە قېتىم توپ ئوينايدۇ ھەمدە بۇلارغا نەچچە توپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىپ كەلسەك، دەل ئەنگلىيىنىڭ بازار ئېھتىياجىغا تەڭ بولىدۇ. مەن ئەڭ ئاخىرىدا جاۋابىمنى رازىمەنلىك بىلەن يېزىپ قەغەزنى تاپشۇردۇم. ھەمدە بىر ئايدىن كېيىن شىركەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرىۋالدىم.

ساۋاقداش جاڭxx بىرىنجى قېتىم كىچىككىپ قېلىش تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى، ئىككىنجى قېتىم يەنە سىرتقى كۆرۈنۈشىگە دىققەت قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن رەت قىلىندى. بىر خىزمەت ئىزدىگۈچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ئۇ ئارقا ئارقىدىن ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولدى. چۈنكى ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ۋە تاشقى سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي تەلەپلىرىدىن ئىدى، ھەمدە باشقىلارغا بولغان ئەڭ ئاددىي ھۆرمەت. لېكىن بىز ھەرگىزمۇ بۇ ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتكە ئاساسلىنىپ جاڭxxنى لاياقەتسىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دەپ قارىساق بولمايدۇ. گەرچە بۇ ئىككى ئىش يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ قوبۇل قىلغان كىشى چوقۇم بىلىشى كېرەك. لېكىن، بۇنداق ئادەمگەرچىلىكتىكى قائىدە يوسۇنلارنى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشى لازىم بولۇپلا قالماستىن، ھەر قانداق بىر ئادەم بىلىشكە تېگىشلىك بىر ئىش. بىز ھەرگىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئادەم بولۇش ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىمەسلىكىمىز لازىم. ئەگەر بىز بۇنداق قارىساق، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئالىي ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلەرنىڭ پەرقىنى يوقىتىپ قويغان بولىمىز. ھېچقانداق بىر ئوقۇش پۈرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن دېھقان بەلكىم ۋاقىتقا رىئايە قىلىشى ۋە ياكى بىر پەن تېخنىكا ئالىمىنىڭ ئوسال مىجەزى بولسۇن، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دېھقان ياكى ئالىم بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

جاڭxx ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق نامايەن قىلدى. ئەگەردە ئاخىرقى قېتىملىق يۈز تۇرانە سىناقنىڭ جاۋابى بىر مۇقىم سان بولغان بولسا، بۇ قېتىمقى ئۆتكەلدە ئالىي مەكتەپتەئوقۇغانلار، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغانلارنىڭ ئۈستىدىن ئىگەنلەيدىغان ئۈستۈنلىكى ئۇنداق كۆرۈنەرلىك بولمىغان بولاتتى، چۈنكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە ياخشى بولۇشىغا ھېچقانداق سەۋەپ يوقتە. نۇرغۇنلىغان باللارنىڭ كۆرگەن نەرسىنى ئەستە ساقلىيالايدىغان قابىلىيىتى بولغان بىلەن ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەس. جاڭxx بۇ قېتىمقى سىناقتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىششىدىكى سەۋەپ. تىمىنىڭ جاۋابى بىر ئېنىق سان بولماستىن، بەلكى بىر ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى بولغاچقا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەنلىدى. جاڭxx مەكتەپتىكى ۋاقتىدا، سىستىملىق تەپەككۇر قىلىش تەلىم تەربىيىسىگە ئىگە بولغاچقا، بۇنداق ئانالىز قىلىش تىمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ نۇرغۇنلىغان نەزەرىيى ئۇسۇللىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قېيىن مەسىلىگە ئۇچرىغاندا نوقۇل ھالدا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمىزگە ياكى باشقىلارنى تەقلىد قىلىشقا تايىنىۋالماي، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلساق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پاسسىپ ھالدىكى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاللىقاچان مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋەئانالىز قىلىش ئۇسۇلىغا ئايلىنىدۇ، بۇ دەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەردۇر.

جەمىيىتىمىز دەل مۇشۇنداق سىستىملىق ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇھتاج. ھەرقانداق بىر كەسىپ مەلۇم بىر مەسىلىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇرەككەپ ھەم ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئەگەر سىستىملىق ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى ۋە

مۇستەقىل پىكىر قىلىش قابىلىيىتى بولمىسا، بارلىق كىتاپلارنى قايىنتىپ ئىچكەن بىلەنمۇ، ئالىي مەكتەپتىكى بارلىق ئىنتىھانلاردا بىرىنچىلىكنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ خىزمەت جەريانىدا باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشى ناتايىن.

ئالىي مەكتەپ ھەرگىزمۇ تېخنىك مەكتەپ ئەمەس(2)

مەن ئۆي مۈلۈك شىركىتىدە ۋاقىتمىدىكى بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدىمكى، بىز بىر تاۋار ئۆي ھەققىدىكى بىر دوكلات قىلماقچىدۇق. سىغىمچانلىق دىگىنىمىز بولسا بارلىق تۈرلەردىكى قۇرۇلۇشنىڭ مەيدانىنى ئومۇمىي يەر مەيدانىغا بۆلگەندىكى قىممەت. سىغىمچانلىق قانچە چوڭ بولغانسىرى، ئۆي سېتىۋالىدىغانلار شۇنچە كۆپ بولىدۇ، لېكىن قىممىتى بارغانسىرى تۆۋەنلەيدۇ. ئومۇمىي قۇرۇلۇش مەيدانىنى ھەر بىر كۋادىراتنىڭ باھاسىغا كۆپەيتىدىغان بولساق ئومۇمىي قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە بۇ تۈردە ئەڭ ياخشى بولغان سىغىنچانلىقنى يەتكۈزۈشكە مۇھتاج بولىدۇ. قۇرۇلۇش كەسپىنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچى چوقۇم بۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ باققان، لېكىن دۆلىتىمىزدىكى ھەر بىر قۇرۇلۇشنىڭ ئەھۋالى بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئوخشاش بىر شەھەردىكى ئوخشىمىغان يەردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئەگەر دەرسلىك ماتېرىيالدىكى نەزەرىيى بىلىملەرگە ئاساسەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولساق، بىز تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز.

كېيىنچە بىز ئىنچىلىك بىلەن تاللاش ئارقىلىق بۆلمىمىزنىڭ تاۋار ئۆي سىتىشتا سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان 20 تاۋار ئۆينى تاللاپ ئانالىز قىلدۇق ھەمدە ئىقتىسادشۇناسلىق بىلىمىدىكى نەزەرىيى مودىلىنى قۇرۇپ چىقىپ، شىنجىن شەھىرىدىكى ئۆي مۈلۈك بازىرىنىڭ

سىغىمچانلىقى ۋە سېتىش باھاسىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى بايقىدۇق. ئاندىن بىزنىڭ تۈرىمىزنىڭ بىر قانچە كىلىپ چىقىدىغان سىغىمچانلىقىنى پەرەز قىلدۇق ھەمدە بۇ بىرقانچە سىغىمچانلىقنى سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئۇسۇلنى تاللىدۇق.

سىياسەت، خەنزۇتىلىم بىئولوگىيە قاتارلىق كەسپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىدا ھەرگىزمۇ سىغىمچانلىق توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ باقمىغان، لېكىن ئۇلار ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا سىستىمىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلەنگەچ بولغاچقا، ئاللىقاچان ئىچكىرىلەپ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئادەتلەنگەن. ئەگەر بۇنداق مۇستەقىل پىكىر قىلش ئۇسۇلىنى خىزمەت جەريانىغا ئېلىپ كىرىدىغان بولساق، خىزمەت بىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىزمەتنى بىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئوقۇغۇچىنى ئورۇنداشقا تاپشۇرىدىغان بولساق، ئۇ ھەر قانچە ئەستايىدىل بولغان بىلەن بۇنداق ياخشى سىستىمىلىق بىر تەرەپ قىلالىشى ناھايىتى تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتە ئۆگىنىدىغىنى پەقەت ئادەتتىكى نەزەرىيى بىلىملا بولماستىن، بەلكى نەزەرىيى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتتىكى خىزمەت جەريانىدا ئىشلىتىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت.

ئومۇمىيۈزلۈك، سىستىمىلىق پىكىر قىلش ئۇسۇلى ۋە مەسلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئادى بىلەن كەسپى بىلىملەرنى پىششىق ئۆگىنىشىمىز لازىم. يىغى ئۆچرىغان نەرسىلەردىن گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراش بەكمۇ تەس ئەمەس، لېكىن ئەگەر پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكى ۋە يۇقىرى بولغان مەلۇماتتىن گۇمانلىنىدىغان بولساق، گۇمانلىنىشنىڭ ئۆزى بىر ئويناشقاندەك بىر ئىش بولمامدۇ؟ ئەگەر كەسپىي بىلىملەرنى

ئاساس قىلمايدىغان بولساق، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇستەقىل ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى قەيەردىن كېلىدۇ، ئەگەر شۇنداق پىكىر قابىلىيىتى بولغان بىلەنمۇ، بۇنى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىغا ئىشلىتىشكە ئامالسىز قالىدۇ. مەسىلەن ئەگەر بىر ئادەم جەمىيەتنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىشنى مۇقىمدىماقچى بولۇپ، ئەگەر ئۇ جەمىيەت تەكشۈرۈشكە ئائىت بىلىملەرنى بىلمەيدىغان بولسا، مۇشۇنداق بىر جەمىيەت تەكشۈرۈش جەمىيتىنى لاھىيىلەشمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ، ھەتتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان نەتىجە بىز ئەڭ دەسلەپتە ئويلىغىنىمىزدىن بەكلا يىراق بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىرەيلەندە جانلىق بولغان پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە بازارنىڭ ئېھتىياجىنى بايقايدىغان ئالاھىدە قابىلىيىتى بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم دەرىجىدە پەننىي ئارقا كۆرىشى بولمايدىغان بولسا، بازارنىڭ ئېتىياجىنى بايقىغان بىلەن بازار قىممەت قارىشى بولۇشى ناتايىن، بازار قىممەت قارىشى بولغان تەقدىردىمۇ بۇلارنى ئەمەلىي بىرەر تۈردە ئىشلىتەلىشى تەسكە چۈشىدۇ.

دەرسلىك ماتېرىياللاردىكى بىلىملەرنى ئەلۋەتتە ئۆگىنىشىمىز كېرەك، لېكىن بۇ ئالدىنقى شەرت ۋە ئاساسى خالاس، ئەڭ مۇھىمى بولسا ـــ ئۆزىنى ئىدارە قىلغان ئاساستا ئۆگىنىش، يىڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش جەريانى بولسا مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئارقىلىق، سىستىمىلىق پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۆزىنى ئىدارە قىلغان ھالدا ئۆگىنىش بولسا ئۆزى ئۆگەنگەن نەرسىلەردىن مۇۋاپىق ھالدا ۋاز كېچىش ھەمدە ۋاز كېچىدىغان مەزمۇنلارغا نىسبەتەن مەلۇم بىر ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. ھەرگىزمۇ مەكتەپتە ئۆتكەن دەرسلىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى ھەمدە ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن مەزمۇن ۋە ئىمتىھانغا چۈشىدىغان مەزمۇنلار بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك. بولمىسا ئۆگەنگەن بىلىملەرنىڭ ھەممىسى بىكار نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنى بىكار ئاۋارە بولغان بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋە پايدىلىق بولىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن

مەھرۇم بولۇپ قالىمىز.

ئادەتتە دەرسلىك كىتاپ ياكى باشقا پايدىلىنىش كىتاپلاردىن ئۆگەنگەن بىلىملەرگە نىسبەتەن تەنقىدىي نەزەر بىلەن قارىساقلا بولىدۇ، ھەرگىزمۇ بۇ كىتاپلاردىكى مەزمۇنلارنى پۈتۈنلەي توغرا دەپ قارىۋالساق بولمايدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىتاپتا سۆزلەنگەن كۆز قاراش بەلكىم مەن بىلىدىغان بىلىم دائىرىسى ياكى جەمىيەت تەجرىبەم ئاساسىدا بىر تەرەپلىملىك قارىشى بولىشى كېرەك. نۇرغۇنلىغان ئىلىم پەن ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىمۇ پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ كەتمىشى ناتايىن، پەقەت ئۆزىگە تايىنىپ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئارقىلىق يەكۈن چىقارغاندا ئاندىن بىز بۇ كىتاپتا سۆزلەنگەن بىلىملەرنىڭ نىمە ئۈچۈن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز ھەمدە خاتا بولغان قىسمىنى چىقىرىپ تاشلىيالايمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا سۆزلىگەن ھەممە مەزمۇنىنىڭ توغرا بولۇشىمۇ ناتايىن، يىڭى بىلىملەردىن ياكى يىڭى شەيئىلەردىن گۇمانلىنىشقا جۈئەت قىلالايدىغان بولىشىمىز لازىم، بەلكىم ئوقۇتقۇچىلار سۆزلىگەن مەزمۇنلار ياكى كىتاپتىكى مەزمۇنلار  بەلكىم مەلۇم بىر پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشىدىن ئىبارەت، بۇنداق بەس مۇنازىرىسى تېخى ئاخىرلاشمىغان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئۆگىنىشتىن ۋاز كىچىدىغان مەزمۇنلارنى تاللىغاندا چوقۇم ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىش لازىم.

بىر كۈنى مەكتەپنىڭ قەھۋەخانىسىدا بىر ئوقۇغۇچى قىلىۋاتقان گېپى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. ئۇ:"40 قا 7 نى قوشساق 47 بولىدۇ،41 گە 6 نى قوشساقمۇ 47 گە تەڭ بولىدۇ، 31 غا 12نى قوشۇپ بۇنىڭغا يەنە 4 نى قوشساق يەنىلا 47 گە تەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 25 كە 17نى

قوشۇن، بۇنىڭغا يەنە 5 نى قوشىدىغان بولساق يەنىلا 47 گە تەڭ بولىدۇ. " شۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، نۇغۇنلىغان ھېسابلاشلارنىڭ نەتىجىسى47 گە تەڭ بولىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن سانلار ئىچىدەئەڭ مۇھىم سان 47 ، قالغان سانلار بەك مۇھىم ئەمەس. سىلەرچە بۇنداق ھېسابلاش ئۇسۇلى بەل كۈلكىلىكمىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇنداق مىساللار كۆپ ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر ئۈچ نەپەر خېنەنلىكنىڭ بىر يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرسە، بۇ كىشىنى بىزار قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بارلىق خېنەنلىك ئادەمنى كىشىنى بىزار قىلىدۇ دىگەندەك ياكى بىر يەرگە ئۈچ دانە قودۇق قېزىپ سۇ چىقمىسا، بۇنىڭ بىلەنلا بۇ يەردە سۇ يوقكەن دەپ يەكۈن چىقارغاندەك ئىشتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىندۇكسىيە ۋە دىدۇكسىيەمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس، ئىندۇكسىيە بىلەن دىدۇكسىيە بەلكىم بىزنى ھەقىيقەتتىن چەتنىتىۋتىشى مۇمكىن." بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ سۆزى ئەمدىلا تۈگىشىگە، بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرلىشىپ قارشى تۇرىشىغا ئۇچرىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ قارىشىدا تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ " ئەگەر سىزنىڭ شۇنداق قابىلىيىتىڭىز بولىدىغان بولسا، بۇ قېتىمقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئۆزىڭىزنىڭ بۇ قارىشىنى يېزىپ باقماسىز؟ "دەپ سورىدى.

مەن بۇ "غەيرى ئوقۇغۇچىلار"نىڭ قارىشىنى بەكمۇ قوللاپ كەتمەيمەن. بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ مەۋسۇملۇق ئىنتىھاندا بۇنداق يېزىشىغىمۇ ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن، لېكىن ئەگەر بۇ بىر توپ ئوقۇغۇچىلار مېنىڭ شىركىتىمگە كىلىپ يۈز تۇرانە سىناققا قاتنىشىدىغان بولسا، مەن پەقەت بىر ئوقۇغۇچىنىلا تاللايمەن. مىنىڭچە بىر مۇستەقىل پىكىر قىلىپ ھەمدە ئۆزىنىڭ شۇ خاتا قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغان ئادەم ھېچنىمىنى ئويلىماستىن توغرا قارىشىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدىغان ئادەمدىن ياخشى. چۈنكى ئالدىنقىسى كىشىلىك خارەكتىرى مۇستەقىل، خارەكتىرى مۇستەقىل بولغان كىشى باشقا ھەممە نەرسىدىن ياخشى. خارەكتىر جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئادىديلا ئىش، لېكىن بۇ خىل مۇستەقىل قاراشتا چىڭ تۇرۇش

ئاسان ئەمەستە. بەزى ۋاقىتلاردا بايامقى ئوقۇغۇچىدەك ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قىلغان پىكىرىدە چىڭ تۇرالايدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن يەنە قانچىسى بار؟ نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار رىئاللىقنىڭ رايىغا بېقىش ئۈچۈن ئىلىم پەنگە بولغان ئىرادىسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئالىملار قارىغۇلارچە يۈزمىڭ تونىلىق ئېتىزلىقنى ئىزدەيدۇ. بۇنداق ئالىملار يەنە بىرەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەمدۇ.

ئاخىرقى قېتىملىق غەمخورلۇق قىلىش

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولسا دۆلىتىمىزنىڭ تۈۋرىكى، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرى، مىللەت گۈللىنىشىنىڭ ئۈمىدى. تارىختا زىمىسىگە ئېغىر يۈكنى ئېلىپ، ناھايىتى ياخشى ماقالىلەرنى يازغانلاردىن:"سۇڭ سۇلالىسىدىكى چېن دوڭ، مىڭ سۇلالىسىدىكى ئۆلىمالار، چىڭ سۇلالىسىسىدىكى ئەلىيۇل ئەلەلا" قاتارلىقلار جۇڭگو تارىخىدا نۇرغۇنلىغان كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ماقالىلەرنى يازغان. "5.4" دىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالەك بولىشىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان، جەمىيەتنىڭ بىر ئاۋانگارتى ۋە ئېپتىخارىغا ئايلانغان. يېڭى جۇڭگو بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ياشلار ئاز بولسا بولمايدىغان، تۆھپىلىرى تارىختا ئۆچۈرۈپ تاشلىغىلى بولمايدىغان ئورۇنغا ئۆتكەندى.

مەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەڭ ياقتۇرىمەن. ئۇ ۋاقىتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆلارنىڭ خىزمەت تېپىشى بولماستىن، بەلكى قارىماققا ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان مەسىلىلەرگە ئىدى، مەسىلەن نېيتشىئالىزىم نەزەرىيىسى، ياۋروپا ئاقارتىش ھەركىتى

باشلانغان ۋاقىتتىكى كىتاپلار، جوڭگو تارىخى ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مەسىلە قاتارلىقلار. بۇ مەسىلىلەر ھەرقانداق مەنپەئەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز، لېكىن بۇ خىل ئويلىنىش بىۋاستە ھالدا مەدەنىيەت ۋە جەمىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەممە "ئەڭ ئاخىرقى غەمخولۇق قىلىش" دەپ ئاتىلىدۇ.

20- ئەسىرنىڭ90- يىللىرىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا خۇددى شەخسىيەتسىز روھى ئاللىقاچان تارىختىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش بېسىمى ئاشقانسىرى، ياخشى خىزمەت تېپىش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورۇنغا ئۆتتى، پەلسەپە، تارىخ، جەمىيەت مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئويلىنىشنىڭ ئورنى بارغانسىرى ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئۆتتى. ھەتتا بىرەر نىيېتشىئالىزىم ۋە ھايەكنىڭ كىتابىنى مۇزاكىرە سىنىپىغا ئېلىپ چىقىدىغان بولسا، باشقا ياتاقتا قالغان ئوقۇغۇچىلار بۇنى قورسقى تويۇپ، قىلىدىغان ئىش تاپالماي قاپتۇ دېيىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇددى كەلگۈسىدە مۇھىم بولمايدىغان نەرسىلەر ئالىي مەكتەپكە تولۇپ كەتكەندى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنىدە گو فۇ چېڭ نى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى 100 يىللىق خاتىرە كۈنىدە لىيۇ دېخۇا نى تەكلىپ قىلىپ كەلدى، كۆڭۈل ئېچىش ساھاسىدە نامى چىققان چولپانلار ئاسانلا ئالىي مەكتەپنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان پرافېسورلىرىغا ئايلاندى، چىر لىي ھەتتا مۇزىمېي قاتارلىقلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىمۇ ئىلىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇتىمىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئالىي مەكتەپ بىر توپ ناچار ئىدىيىلەر كىلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولۇپ قالدى.

بىر كۆپ قىمەتلىك دەۋىردە، ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن

بولىشىنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ، شۇڭىدەك مېنىڭچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزىنى بىلىمىنىڭ چوڭقۇر بولىشىنى تاللاش ھوقۇقى بار، ھەمدە تارىخى ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقىمۇ سەۋەبى بار. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سىستىمىلىق پىكىر قىلىش ھەققىدە تەلىم تەربىيىگە ئېرىشكەن، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ بار، چوڭقۇرلىغان ئانالىز قىلىش قابىلىيىتىمۇ بار، ھەمدە چوڭقۇر پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سانى بارغانسىرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر پۈتۈن گەرۋەدە بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىلا مىللىتىمىزنىڭ ئىقتىدارلىق كىشىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ، ئەگەر بۇلارنىڭ كوللىكتىپچانلىقى تۆۋەن، يىنىكلىك بىلەن قىزىقىش قاتارلىقلار ئىللەتلەرمۇ ناھايىتى كۆپلەپ پاتىدۇ، ئۇنداقتا مىكرو مەسىلىلەرنى كىملەر ئويلايدۇ.

بىر چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. بىرىنچى: چوڭقۇر پىكىرلىك كىتاپلارنى كۆپ كۆرۈش. ئىككىنچى: ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئەمەلىيەت بىلەن باغلاش لازىم. بۇ يەردە دەۋاتقان كىتاپ ھەرگىزمۇ كەسپىي كىتاپلارنى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خىزمەت تېپىشىغا لازىم بولىدىغان كىتاپلار ئەمەس، بەلكى پەلسەپە، سىياسەت، تارىخ قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك كىتاپلارنى كۆرسىتىدۇ. پىسخولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرمىگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ فولۇيدانى چۈشىنەلەيدۇ، تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارلا «دۇ شيۇ ۋېن سۇن» دىگەن كىتاپنى بىلىدۇ دەپ كىم دەيدۇ. گەرچە بۇ كىتاپلاردىن مەلۇم كەسپىي قابىلىيەت ياكى باشقا خىزمەت تېپىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر نەرسە ئۆگىنەلمىگەن بىلەن، بىز بۇ كىتاپلار ئارقىلىق جەمىيەتنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان«كىتاپ»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكلىمىسى بەكلا كەڭ. مېنىڭچە مەن دەۋاتقان كىتاپلار «asp تور تېخنىكىسىنى تەرەققىي

قىلدۇرۇش»، «مىكرو ئىقتىساد ئىلمى ھەققىدە 19 ساۋات» قاتارلىق كىتاپلارنى كۆرسەتمەيدىغۇ دەيمەن. "پەيلاسوپ پلاتون ۋەئارستوتىل قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇش بىلەن بىرگە، رىئال جەمىيەتنى دوست تۇتۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋشتىكى مەقسەتنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرەر ياخشى خىزمەت تېپىش بىلەنلا چەكلىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى بىزئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىزگە قۇچىقىنى ئېچىپ تۇرغىنى بىرلا كەسىپ بولماستىن، بەلكى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان بىر جەمىيەت. ئەگەر ئىجتىمائىي جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبارسىز قاراپ، نەزەر دائىرىمىزنى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ كۆز ئالدىدىكى پايدىسى بىلەن چەكلەپلا قويىدىغان بولساق، رىئال جەمىيەت بىزنى ئۆزىنىڭ كىچىككىنى بىر بۇلۇڭىدا يىتىم قالدۇدۇرۇپ قويىدۇ. جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن بىزگە بىرەر پايدىنىڭ تىگىشى ناتايىن، ھەمدە بىزنىڭ جەمىيەتكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم تەسىر كۆرسىتەلىشىمىزمۇ ناتايىن، ئۇنداقتا بۇ ئىجتىمائىي جەمىيەت زادى كىملەرگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ-ھە؟

بىرىنچى بۆلۈم ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىش ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىش

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىر نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا يولۇقىمىز. مەسىلەن بىرەر تال ئېلان ياكى بىرەر يىڭى خەۋەر قاتارلىقلار، بۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ ئاددىي ئىشلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بىز ياخش دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئەتراپىمىزدىكى بىزدىققەت قىلماي كىلىۋاتقان ئىشلار ھەرگىز ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئۇ‌دەل بىر دەرسلىك كىتاپ.

باۋ جېي شىركىتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ھەرگىزمۇ ناتونۇش ئەمەس، بىز ئەتراپىمىزدىلا باۋجېي شىركىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان مەھسۇلاتلىرىنى تاپالايمىز. مەسىلەن

شۇفۇجيا يۈز سوپۇنى، تەيبەي يۇيۇش سوپۇنى، جياجىي شىر چىش پاستىسى قاتارلىقلار. يەنە چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىدىنلا بۇ شىركەتنىڭ 6 خىل مەھسۇلاتى بار: ئۆلار پياۋ رووۋ، شا شۈەن، خەي فېي سى، فەن تىڭ، رۈن يەن، يى كا لۇ قاتارلىقلار. سىز بۇ 6 خىل مەھسۇلاتنىڭ بىرەرىنى ئىشلەتمىدىم دېگەن تەقدىردىمۇ، ئەتراپىڭىزدىكىلەر ئىچىدە چوقۇم ئىشلىتىدىغانلار بار ھەمدە سىز بۇ خىل مەھسۇلاتلارنى نامىنى ئاڭلاپ باقمىغان دېيەلمەيسىز. لېكىن سىز مۇنداق بىر مەسىلىنى ئويلاپ باققانمۇ؟ يەنى:نىمە ئۈچۈن بۇ شىركەت بۇنچە كۆپ خىل چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ؟ بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان نىمىسى بار؟ بەلكىم سىز بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى بىر بىمەنىلىك دەپ ئويلايدىغانسىز، چۈنكى بۇ سوئاللار سىزنىڭ ئۆگىنىشىڭىزگە ياكى كەلگۈسىدىكى خىزمىتىڭىزگە ھېچقانچىلىك پايدىسى يوق. لېكىن سىز بۇ بىمەنە سوئاللاردىن بىر خىزمەتكە ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن.

گەرچە مەن ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا ئىقتىساد ئىلمى توغرىسىدا ھېچقانداق نەرسە ئۆگەنمىگەنمەن بولسامۇ، لېكىن مەن ئەتراپىمدىكى ئىقتىساد ئىلمىغا ئائىت ھادىسىلەرگە ئالاھىدە قىزىقاتتىم. بىر قېتىم چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى سېتىۋالغىلى بارغىنىمدا، مەندە تۇيۇقسىز بۇ شىركەت نىمە ئۈچۈن بۇنچە كۆپ خىل چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ دېگەن سوئال پەيدا بولدى. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ئاز بولمىغان ئىلان پۇلىنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ياتاقداشلىرىمنىڭ ئوخشاش بولمىغان چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقلىرىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىز شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئەگەر باۋ جىي شىركىتى چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ھەممە خىلىنى ئىشلەپ چىقارماي، ناھايىتى ياخشى قىلىپ بىرخىل چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەپ چىقارغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بۇ خىلنى ياقتۇرمايدىغانلار چىقىدۇ. شۇڭا ئەگەر مەھسۇلاتنىڭ خىلىنى كۆپەيتكەندە، خېرىدارلارنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر خىلىنى تاللىيالايدۇ. مانا بۇ كۆپ خىلى

مەھسۇلات ئىستراتېگىيىسى ئەمەسمۇ؟

بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ قايسى يېرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ تۈرتكىسىدە مەن باۋجىې شىركىتىنىڭ مەھسۇلات ئېلانلىرىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. ئۇزاق ئۆتمەي شۇنى ھېس قىلدىمكى، پياۋروۋ(飘柔) چاچنى ئەۋرىشىم قىلىدىكەن، خەي فېي سى(海飞丝) مەخسۇس چاچتىكى كېپەكنى يوقىتىدىكەن،فەن تىڭ(潘婷)نىڭ چاچقا ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدىكەن، شا شۈەن(沙宣) كىشىگە بېرىدىغان تەسىرى ھۆسن گۈزەللەشتۈرىدىغان تەسىر بېرىدىكەن. كېيىنچە بىر قېتىملىق يۈزتۈرانە سىناقتا ئىنتىھان ئالغۇچى مەندىن بۇنىڭغا ئوخشاش بىر مەسىلىنى سورىدى. ئۇ: "سىز ئەمەلىي مىساللارغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل مەھسۇلات سىستىراتېگىيىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پايدا زىيىنى سۆزلەپ بېقىڭ."دېدى. مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىنلا ئۆزۈمنىڭ باۋجىې شىركىتىنىڭ كۆپ خىل مەھسۇلات ھەققىدىكى چۈشەنچەمنى سۆزلەپ بەردىم ھەمدە بۇ خىل كۆپ خىل مەھسۇلات ئىستىراتېگىيىسىنىڭ شىركەتكە بولغان قىممىتى ۋە كۆپ خىل مەھسۇلاتنىڭ قاپلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىپ ئۆتتۈم. بۇ مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تەجرىبەمگە ئاساسەن توپلىغان ئويلىرىم، ھەرگىزمۇ باشقا پەنلەرنىڭ دەلىل ئىسپاتلىرى قېتىلمىغان ئىدى. ئىنتىھان مەسئۇلى مېنىڭ جاۋابىمدىن ناھايىتى رازى بولدى ھەمدە مەنمۇ ناھايىتى تېزلا بۇ شىركەتكە كىلىپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدىم.

كېيىنچە مەن يەنە بىر ئېلان شىركىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پىلانلىغۇچىسلىققا تەكلىپ قىلىندىم، باش نازارەتچى ھەر بىر يۈز تۇرانە سىناققا قاتناشقان كىشىدىن جوڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش توغرىسىدا بىر ئېلان سۆزى تەييارلاشنى تەلەپ قىلدۇق، يەنى مەھسۇلاتنىڭ قىممىتى. مەن ئادەتتە جوڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىش ۋە كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ ئېلانلىرىغا دىققەت قىلىپ كىلىۋاتقاندىم.بىرلەشمە خەۋەرلىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولسا ئالاقىلىشىش تورى ناھايىتى مۇقىم، تېخنىكا جەھەتتىنمۇ بىرلەشمە خەۋەرلىشىشنى ياخشى،

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئېلانلىرىدا ئۆزىنىڭ كەسپچانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يوشۇرۇن ھالدا بىرلەشمە خەۋەرلىشىش ئالاقىسىنى تېخنىكا جەھەتتىن تېخى يېتىلمىگەن دېگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. جوڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا ئالاقىلىشىش ھەققى بىر قەدەر ئەرزان.لېكىن كۆچمە خەۋەرلىشىش ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلاتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا،بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى مەھسۇلاتىنىڭ ئەرزان باھالىق دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىش مەھسۇلات باھاسىنى چۈشۈرگۈزۈشتىن باشقا پايدىسى يوق، خېرىدارلارغا بەرگەن تەسىرى پەقەت كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئەرزان دېگەندىنلا ئىبارەت خالاس، بۇنداق قىلىش ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. ئەگەر بىرلەشمە خەۋەرلىشىش شىركىتى پىششىپ يېتىلگەن بىرەر ئالاھىدىلىكىنى ئەسكەرتىدىغان بولسا چوقۇم كەلگۈسىدە ياخشى بىر نەتىجە قازىنالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئېلان سۆزىنى "ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ" دېگەندەك لاھىيىلىسەك، ئارقىدىنلا "ئالاقىلىشىش ساھەسىنىڭ كەلگۈسىگە ئىنتىلىشى" دەپ ئۆزگەرتىپ خېرىدارلارنىڭ دىققىتىنى تارتساقلا بولىدۇ.

مەن بىلەن بىرلىكتە خىزمەتچى قوبۇل قىلىش تەكلىۋىنى تاپشۇرىۋالغانلارمۇ ھەرخىل ئېلان سۆزلىرىنى ئويلاپ چىققاندى. مەسىلەن بەزىلەر"因为有梦，所以鹰击长空 " يەنە بەزىلەر"تۇتاش قەلب، تۇتاش تومۇر، بىرلەشمە خەۋەرلىشىش يېڭى دەۋرى". قارىماققا ھەممەيلەننىڭ ئەدەبىيى ئىستىداتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەن بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. مەن بىرلەشمە خەۋەلىشىش ئالاقىسى پىششىپ يېتىلگەندىن كېيىنكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن مۇنداق ئېلان سۆزىدىن بىرنى لاھىيىلىدىم:"ياشلىقتىن بىرگە بەھرىمان بولايلى." بۇ ئېلان سۆزىدە ھېچقانداق ئەدەبىي ئىستىدات يوق، لىكىن مەن يەنىلا رازىمەنلىك بىلەن جاۋابىمنى تاپشۇردۇم. بىزدىن يۈز- تۇرانە سىناق ئالغان كىشى، مېنى ئارىمىزدىكى بىردىن بىر ئېلاننى چۈشىنىدىغان كىشى

دەپ ماختىدى. ئەمەلىيەتتە مەن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېلان ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بىرسى بولسام كېرەك. شۇنداق قىلىپ ئېلان ئىشلىرىدا ئازراقمۇ تەجرىبىسى بولمىغان، ئەمما پەقەت تىلشۇنىزور تاكى ئاپتوبۇس ئېلانلىرىنى كۆرگەندىن كېيىنكى ئوي پىكرىمگە تايىنىپ، مەن بۇ شىركەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئالان لاھىيىلىگۈچىسىلىككە قوبۇل قىلىندىم. بەلكىم سىز مىنى ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىلەرگە دىققەت قىلىدىغان ئادەمكەن، بۇنداق قىلىشەرسە ھېرىپ كەتمەمدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىغانسىز. ئەمەلىيەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. تاللا بازىرىغا كىرىپ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلىقى سېتىۋېلىپ ياتاققا قايتىدىغان يولدا، مەن ھېچ نەرسىنى ئويلىماستىن قايتىپ كەلسەممۇ بولىدۇ، مەن يەنە چاچ يۇيۇش سۇيۇقلىقى ھەققىدىكى مەھسۇلات سىستراتىگىيىسىنى ئويلىساممۇ بولىدۇ. مەن كوچا ئاپتوبوسىغا ئولتۇرۇپ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى سىرتىدىكى ئېلان بەلگىلىرىنى كۆرگەندە، بۇلارغا قىلچىلىك دىققەت قىلمىساممۇ بولىدۇ. مەن يەنە بۇ ئېلاننىڭ ئىنۋىسسىيىسى ھەققىدە ئويلىنىپ، مۇۋاپىق ھالدا ئۆزگەرتىپ باقساممۇ بولىدۇ. ئوخشاشلا بىر ياتاققا قايتىش يولى ياكى ئوخشاشلا بىر ئاپتۇبۇسقا ئولتۇرۇش جەريانىدا، مىنىڭ بىر مەسىلىنى ئاز ئويلىغانلىقىم تۇپەيلىدىن ئەركىن ئازادە بولۇپ كىتىشىم ناتايىن. مېنىڭچە بىر چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر بۇنداق ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرسا، بۇنىڭدىنمۇ خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەيلى سىز كەلگۈسىدە شۇغۇللانماقچى بولغان كەسىپ ياكى سىز قاتناشماقچى بولغان بازار قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەگەر سىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەتراپىتىكى نەرسىلەر ھەققىدە ئويلىنىشقا ئادەتلىنىدىغان بولسىڭىز، كەلگۈسىدە سىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭىز چوقۇم كۈندىلىك بويۇملار شىركىتى ياكى ئېلان شىركىتى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. سىز بەلكىم قاتناش ساقچىلىرىنى يول بويىدا ماشىنىلارنى تەكشۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولىشىڭىز مۇمكىن، چۈنكى نۇرغۇنلىغان ماشىنىلار بەلگىلىمە بويىچە تاپشۇرىلىدىغان ھەقلەرنى

تاپشۇرمىغان ياكى كەم تاپشۇرغان، شۇنىڭ ئۆچۈن قاتناش ساقچىلىرى بىردىن بىر تەكشۈرۈشكە مەجبۇرى بولغان. سىز مۇنداق بىر خىل ئۇسۇلنى ئويلاپ باققانمۇ يوق. يەنى: يول بويىغا تېلكامىرا ئورنىتىش ئارقىلىق، يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنى بىردىن بىر سۈرەتكە ئېلىۋېلىپ ھەمدە بۇلار كومپيوتېردىكى ھەق ئېلىش سىستېمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماشىنىنىڭ نومۇرى ئارقىلىق بۇنى تەكشۈرۈپ، ھەق تاپشۇرمىغان ماشىنىلارنى توسسىلا بولمىدىمۇ، بۇ بىر خىل خام خىيالدىن ئىبارەت. لېكىن بۇنى ئەمەلىيەتتە يوقمۇ ئەمەس. بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا بۇ خىل ئەسۋاب بېيجىڭنىڭ قاتناش ساقچىلىرىدا ئاللىقاچان بار بولدى. مېنىڭچە بۇ خىل ئەسۋابنى كەشىپ قىلىش ئەڭ دەسلەپتە يەنىلا تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر خىل ئىشلاردىن كېلىپ چىققان، ئاندىن بۇلارنى ئەمەلىيەتكە ئاشۇرغاندا، بۇلاردىن ھەقىيقى ياخشى مەھسۇلاتنى ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەگەر سىز پىكىر قىلىشقا ماھىر بولىدىغان بولسىڭىزلا، سىز بازارنىڭ نۇرغۇنلىغان بوشلۇقلىرىنى بايقىيالايسىز. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىزنىڭ قول تېلېفون بىلەن ئېلېكترونلۇق لۇغىتىڭىز بولسا، سىز بۇ ئىككى خىل ئىقتىدارنى بىرلەشتۈرۈپ، قول تېلېفونىڭىزنىڭ ئېلېكترونلۇق لۇغەت ئىقتىدارى بولىشى ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟ ھازىر نۇرغۇنلىغان ئائىلە باشلىقلىرى ئوتتۇرا تولۇقسىز مەكتەپ مائارىپىدىن رازى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلار بالىلىرىنىڭ «تۆت كىتاپ»،«بەش دەستۇر»نى ئۆگىنىشىنى خالايدۇ، ئۇنداقتا سىز قەدىمي كىتاپخانا بىلىم مەدرىسى ئېچىشنى ئويلىشىپ باققانمۇ؟ ئادەتتە ھامىلىدا ئاياللار مۇۋاپىق مىقداردا ھەركەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەرىكەت قىلغاندا مەخسۇس بىر تىرنىرنىڭ يېتەكلىشى بولمىسا، قىلغان ھەركەتنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن ياكى خاتا ھالدا قىلىنغا ھەركەتتىن يامان ئاقىۋەتلەرمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا سىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھامىلىدار ئاياللارغا شەخسي

سالامەتلىكىنى ساقلاشتىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى ئېچىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟ بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر سىزدە بۇنداق قىلىش ئادىتى بولمايدىغان بولسا، سىز بەلكىم مەڭگۈلۈك باشقىلارغا ئىشلەپ ئۆتۈپ كېتىشىڭىز ياكى باشقىلار ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن؛ ئەگەر سىز مۇشۇنداق كىچىككىنە بىرنى پۇرسەتنى ياخشى تۇتالىسىڭىز، بۇ بەلكىم دەل سىز ئىزدەۋاتقان بايلىق بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز پارلاق بولغۇسى!

ئالىي مەكتەپ قانۇنىيىتى

"ئالىي مەكتەپ ئوقۇش" بۇ بىر پېئىل تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى. "ئوقۇش" بولسا پېئىل،"ئالىي مەكتەپ" قانداق قىلىپ "ئوقۇش" دېگەن سۆزنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ؟ نۇرغۇنلىغان  ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، كۇتۇپخانا، ئوقۇتۇش بىناسى، تەنتەربىيە زالى قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان بىر چوڭ توپلامدىن ئىبارەت. لېكىن يۇقارقىلى ئامىللارنىڭ ھېچقايسىسى "ئوقۇش" دېگەن سۆزنىڭ شەرھىيلەش ئوبىكتى بولالمايدۇ. ئۇنداقتا ھەقىيقى "ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش" نىمىنى كۆرسىتىدۇ؟

بەزىلەر ئالىي مەكتەپنى كىتاپ ئوقۇيدىغان يەر دېيىشىدۇ. بۇ خىل جاۋاپ قارىماققا ناھايىتى توغرا. لېكىن، ئەگەر ئالىي مەكتەپنى كىتاپ ئوقۇيدىغان يەرلا دېسەك، ئۇنداقتا بىر نىمە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئوقۇش پۇلى ۋە ياشلىقىمىزنى ئىسراپ قىلىپ بۇ يەرگە كىلىپ ئوقۇيمىز؟ نىمە ئۈچۈن ئىسسىق ئۆيىمىزدە تۇرۇپ كىتاپ ئوقۇمايمىز؟ نىمە ئۈچۈن "بىرمۇ ئادەم يوق چۆللەر" گە بېرىپ ئوقۇمايمىز؟

«بىز ئالىي مەكتەپتە زادى نىمە ئۆگىنىمىز؟»بىرىنچى بولۇم ئالىي مەكتەپنىڭ نام ئەمىلىنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ بىنالىرىنىڭ چوڭلىقىدا ئەمە

س

ئالىي مەكتەپنىڭ نام ئەمىلىنىڭ چوڭلۇقى ئۇنىڭ بىنالىرىنىڭ چوڭلىقىدا ئەمەس بەلكىم نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە، كۆپرەك دىققەت قىلىدىغىنى مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەسلىھەلىرى بولىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ياتاق بىناسىنىڭ قول يۇيۇش ئۆيى ياتاق ئىچىدىمۇ يوق؛ كۇتۇپخانا، تەنتەربىيە زالى، ئاشخانا قاتارلىقلار ھەيۋەتلىكمۇ  يوق؛ سىنىپتا كۆپ ۋاستىلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بارمۇ يوق دىگەندەك.

يۇقىرىقى ئەسلىھەلىرىنى مەكتەپنىڭ سىرقى كۆرۈنىشىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىرى بارلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇنداق كۆرسەتكۈچلەر بىلەن مەكتەپنىڭ ياخشى-ناچارلىقىنى ئۆلچەشكە بولمايدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرستىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوقۇتۇش بىنالىرى ۋەياتاق بىنالىرى خېلىلا كونا، لېكىن بەزى نامى يوق، ئەمما مەكتەپلەرنىڭ مۇھىتى ناھايىتى ياخشى.

ياخشى بولغان مۇھىتنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە تۇرمۇشقا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. لېكىن بۇلارنىڭ تەسىرى يەنىلا چەكلىك. ئازادە، يورۇق بولغان سىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلىشىغا ئەلۋەتتە پايدىسى بار. لېكىن، ئەگەر مۇئەللىم كىتاپتىكىنى بىرمۇ بىر ئوقۇپ بىرىپ چىقىپ كىتىدىغان بولسا، بۇنداق ياخشى سىنىپنىڭنىڭ بىزگە نىمىگە پايدىسى بولىدۇ؟ ھەيۋەتلىك بولغان كۇتۇپخانا بەلكىم بىزگە يېڭى بىرخىل تۇيغۇ بىرەلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇنداق ھەيۋەتلىك كۇتۇپخانىدىن ياخشىراق بىر قانچە كىتاپنى تاپالمىساق، بۇنداق ئېسىل كۇتۇپخانىنىڭ يەنە قانداق ئەھمىيىتى

بولسۇن؟

ئېسىمدە قېلىشىچە، «تۆمۈر قەپەستىكى چۇقان» ناملىق كىتاپتا "ھېلىقى مۇنار ۋە كۆل" ناملىق بىر ماقالە بولىدىغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلىكىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك: بىز ئوت-چۆپ ئەمەس، ئوت-چۆپلەر مەكتەپ ھويلىسىدا يىلمۇ-يىل ياشىرىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئورنىمىزنى باشقىلار باسىدۇ. يۇجېنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندە دەل مۇشۇنداق ئويغا چۆككەندى، باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەجەبا بۇنداق ھەسرىتى يوقمۇ؟  ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە بولغان ئېپتىخارلىنىشى ۋە قىزىقىشى بىلەن بۇ يەرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلايدۇ. تۆت يىلدىن كېيىن، قەلەندەرنى قوغلىغاندەك، مەكتەپتىن يېنىپ چىقىدۇ.

بەلكىم بۇنداق ئوخشاتساق بەكلا رەھىمسىزلىك بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مەنمۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، مەندىمۇ بۇنداق ھېسسىيات بار. ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقىتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ قەيەرگە بېرىپ، نەدە توختىشى بىلەن كارى بولمايدۇ، ھەتتا ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان بۇ مەھسۇلات بازىرى بولامدۇ يوق دىگەنلەر بىلەنمۇ كارى بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، 6-ئاينىڭ ئاخىرى7-ئاينىڭ باشلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈندىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كېتىشى ھەمدە قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ كەم قالغان پۇلىنىڭ بار يوقلىقىغا ئاساسەن بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى تۇتۇپ قېلىش كېرەكمۇ يوق دىگەنلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. سىز بۇ ۋاقىتتا يەنە مەكتەپ قوروسىنىڭ چىرايلىقلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە رايىڭىز بارامدۇ؟ سىز يەنە شۇ ئازادە ياتاقتا تارتىشارسىزمۇ؟ بىز ئالىي مەكتەپ ئۈچۈن بىر ئۆتكۈنچى مېھمان خالاس. لېكىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ نۇقتىنى ۋاقتىدا تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىر ئۆتكۈنچى مېھمان ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئۆزىنى شۇنداق پەخىرلەندۈرگەن ئوقۇتۇش بىناسىنى

ئېلىپ كەتلىكى بولمايدىغانلىقىنى بايقىغىنىدا، ئەسلىدە ئالىي مەكتەپ قويىنىدىن ئۆزى ئىزدەشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىنى ئاللىقاچان يوقىتىپ قويغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇنداقتا بىز ئېلىپ كېتەلەيدىغان نەرسە زادى نېمە؟ بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغىنىمىز تەنتەربىيە سارىيى ياكى ئوقۇتۇش بىناسى بولمىسا، ئۇنداقتا بىز دەۋاتقان ئالىي مەكتەپ زادى نېمە؟

بىرىنچى بۆلۈم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنمىز، ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئەھلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنمىز، ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئەھلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز لازىم.

چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك مەكتەپ مۇدىرى مېي يى چى ئەپەندى ئىلگىرى مۇنداق دېگەن:" ئالىي مەكتەپ ھەرگىز ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتۇش بىناسى بار دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئىگىلىرى بار دېگەنلىك." ئۇنداقتا ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئىگىسى دېگەن نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتاپتا "ئىلىم ئەھلىنى تاپماق تەس ئەمەس، لېكىن ھەقىيقى ئەخلاق ئىگىسىنى ئۇچراتماق ناھايىتى تەس. " ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئىگىسى دېگەنلىك ئىلىم ئەھلى بىلەن ھەقىيقى ئەخلاق ئىگىسىنىڭ بىرىكمىسى. ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئىگىسى كەڭ مەلۇماتقا ئىگە، يارىتىشچانلىق روھىغا ئىگە، ياخشى بولغان ئىلىم پەن نەتىجىسى بولغاندىن سىرت، يەنە ئەدەپ ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن، بىلىم بىلەن ئەخلاقي جەھەتتىن مۇكەممەل بولغانلارنىڭ ۋەكىلى.

ھالبۇكى، نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىي دەرىجىلىك بىلىم ئىگىلىرىنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاش خۇددى چىن شۇي بيەننىڭ مىللىي پارتىيىگە قاتناشقىنىغا ئوخشاش ناھايىتىمۇ ئابستراكتلىق نەرسە. ھازىرقىدەك بازار ئىگىلىكى ھەممە يەرنى

قاپىلىغان بۇگۈكى كۈندە، نۇرغۇنلىغان داڭلىق پرافىسورلار بىلەن ئادەتتىكى سودىگەرلەرنىڭ ئاساسىي پەرقى قالمىدى. بىر ۋاقىتلاردا توردا مۇنداق بىر سۆزلەر ئېقىپ يۈرگەندى، يەنى :"كۈندۈزى ئادەم، كېچىسى ھايۋان" دېگەندەك. بۇ دەل نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن رېئال ئوبرازىنى سىزىپ بەردى. نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىزمەت تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاسپىرانلىققا ئىنتىھان بېرىدۇ، لېكىن ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنىلا خىزمەت تاپالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن دوكتۇرلۇقتا ئوقۇشقا مەجبۇرىي بولىدۇ. لېكىن دوكتۇرلۇقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھېچنىمە قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.دە بىرەر ئالىي مەكتەپنى تېپىپ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرىي بولىدۇ. يەنە بەزى بىر ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتتىگە تايىنىپ ئالىي مەكتەپنىڭ شتات ئۆلچىمىگە يېتىۋالغاندىن كېيىن ئەپلەپ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ، بىر ئاماللار بىلەن پرافىسور تەتقىقاتچى بولىۋالىدۇ. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغاننىڭ ئاستا خارەكتېرلىك ئۆلۈمدىن يەنى نىمە پەرقى بار بولسۇن؟

ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەكلى——ئەلۋەتتە دەرس ئاڭلاشتۇر. ئەگەر مەلۇم بىر پەننىڭ دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىسى ناھايىتىمۇ ئىلغار بولسا، ياخشى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا دەرس تاشلىماي ياخشى ئاڭلاش، يەنە خاتىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ۋاقتىدا، تولۇق خاتىرلىۋېلىش كېرەك. ئەگەر باشقا سىنىپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسلۇبىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان بولسا، شۇ سىنىپتىكى باللارغا ئەگىشىپ شۇلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش كېرەك. مەسىلەن مەن ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىكى ۋاقتىمدا، دائىم قانۇن كەسپىنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتىم، كېيىنچە خۇنەن پېداگوگىكىسىغا بېرىپ خېلى كۆپ دەرسلەرنى ئاڭلىدىم، يەنە بىر ۋاقىتلاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىنىڭ دەرسىگىمۇ كىرىپ ئاڭلىغاندىم، گەرچە بۇنداق دەرس

ئاڭلىغاندا بەكلا زېھنىمنى سەرپ قىلمىغان بولسامۇ، لېكىن بۇنىڭ ماڭا بولغان پايدىسى خېلىلا كۆپ بولدى. دەرس ۋاقتىدا ئامال قىلىپ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پاراڭلىشىش لازىم، ھەتتا دادىللىق بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تالاش تارتىش قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلىش لازىم. قانچە بىلىمى كۆپ بولغان مۇئەللىم شۇنچە كەمتەر بولىدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا سىز ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىنى تېخىمۇ دادىللىق بىلەن بايان قىلسىڭىز بولىدۇ. بەزى مەسىلىلەر سىزنىڭ كاللىڭىزغا كىرىۋېلىپ سىزنى دائىم بىئارام قىلىدىغان بولىشى مۇمكىن، لېكىن سىز بۇنى مۇئەللىمگە ئېيتقاندىن كېيىن، مۇئەللىمنىڭ ئىككى ئېغىز ئەسكەرتىشى بىلەن كاللىڭىزدا ئايدىڭلىششى مۇمكىن. سىز دائىم چىڭ تۇرىدىغان بەزى كۆز قاراشلىرىڭىز مۇئەللىمنىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ياكى ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىپ بېرىشى بىلەن توغرىلىنىشى ياكى ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا، سىز مۇئەللىمدە بولىدىغان جەلپ قىلىش كۈچىنى ھېس قىلغاندىن باشقا يەنە مۇئەللىم بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاننىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمان بولىسىز. لېكسىيە ئاڭلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىلىمدارلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئالىي مەكتەپ قانچە ياخشى بولسا، لېكسىيەنىڭ سانى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، ھەمدە لېكسىيەنىڭ سۈپىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر سىز ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپتە لېكسىيە سانى بەك ئاز بولسا، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا سىز باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ لېكسىيەلىرىنى ئاڭلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە ياخشى مەكتەپتىكى ھەممە لېكسىيە ئاڭلاشقا ئەرزىيۋەرمەيدۇ،

ئادەتتىكى مەكتەپلەردە ئېلىپ بېرىلغان لېكسىيەلەرنىمۇ ناچار دېگىلى بولمايدۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا يېقىننى تاشلاش يىراقتا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكسىيە ئاڭلاش ئارقىلىق سىستېمىلىق بىلىمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، لېكىن بىر ياخشى لېكسىيە بەلكىم ئاڭلىغۇچىلارنى يېڭى بىر خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن، مەلۇم مەسىلىگە قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاڭلىماقچى بولغان لېكسىيەگە نىسبەتەن، بىر خىل تاللاش، ۋاز كېچىش روھى بولۇشى كېرەك، ھەرگىزمۇ ھەممىسىگىلا بېرىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك. لېكسىيە قىلغۇچىنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇر بولۇشىمۇ ياكى ياكى ئۇ بىر ئالدامچىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ لېكسىيەنىڭ بەزىلىرى ئورگانلارنىڭ ئۆزىنى تەشۋىقات قىلىشى ئۇچۇنمۇ بولىدۇ يەنە بەزىلىرى سودا خارەكتىرلىك تەشۋىقات بولۇشىمۇ مۇمكىن.

خۇنەن سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى ئىلگىرى، يۈلۈ بىلىم يۇرتىدا كۆپلىگەن لىكسىيەلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇنىڭ گۈزەل نامى بولسا"مىڭ يىللىق مۇنبەر". بىر قېتىم خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى يەن جىڭ فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى دۇ ۋېي مىڭ بۇ مۇنبەرگە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان، بۇ ناھايىتىمۇ داڭلىق بولغان بىر ئىسىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىر ئامالىلارنى قىلىپ بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ بېلىتىدىن بىرنى ھەل قىلدىم ھەمدە پائالىيەتتىن بۇرۇنلا كېلىپ ئۇ يەردە ساقلاپ تۇردۇم. لېكىن بۇ قېتىمقى لېكسىيەنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى پەقەتلا سودا تەشۋىقاتىدىن ئىبارەتلا بولدى. بۇ خۇددى رىژىسور ئورۇنلاشتۇرغاندەكلا بولدى، بىزگە لېكسىيە قىلىۋاتقىنى پەقەتلا بىر كىنو ئارتىسى، ئاڭلىغۇچىلار بولسا سەھنە جابدۇقلىرى خالاس، بۇ دەل ئەينى يىللاردىكى جۇشى، ۋاڭ مىڭ ياڭ قاتارلىقلارنىڭ لېكسىيىسى بىلەن ھېچقانداق سېلىشتۇرمىسى يوق.

ئالىي مەكتەپتە زادى نىمە ئۆگىنىش كېرەك

بىرىنچى بۆلۈم كۇتۇپخانا: ئالىي مەكتەپنىڭ يۈرىكى كۇتۇپخانا: ئالىي مەكتەپنىڭ يۈرىكى

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندا، داڭلىق بىلىم ئەھلىلىرى بىلەن بىلىم ئالماشتۇرغاندىن سىرت، يەنە بىر ئەڭ مۇھىم بولغىنى ـــ كۇتۇپخانا مەن بۇ يەردە دىمەكچى بولغان كۇتۇپخانا ئۇنىڭ بىنالىرى ۋە ئىچىدىكى ئەسلىھەلىرىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاپلارنى كۆرسىتىدۇ. ھېچقانداق مۇبالىغە قىلماي شۇنى دىيىشكە بولىدۇكى، بىر ئوقۇغۇچى

تۆت يىل ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ بىر قانچە كىتاپ ئوقۇمىغان بولسا، بۇنداق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغانىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ھازىر دۆلىتىمىز ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانغان ئورتاق بىر مەسىلە: ساقلانغان كىتاپنىڭ سانى چەكلىك، يېڭى كىتاپلار بىر قەدەر ئاز، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاپ ئارىيەت ئېلىشىغا نورغۇنلىغان چەكلىمىلەر قويۇلغاندى. بۇ مەسىلىنى قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئىچىدە ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي مەكتەپتە ئەسلى بار بولغان بايلىقلاردىن ئامالىنىڭ بارىچە تولۇق پايدىلانغادىن سىرت، بەزى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاش لازىم. مەن بۇ يەردە دىمەكچى بولغان "تولۇق پايدىلىنىش" دىگىنىمىز، كۇتۇپخانىدىكى سانى چەكلىك بولغان كىتاپ ئىچىدىن ئۆزىمىزگە لازىملىق بولغان ئەڭ ياخشى كىتاپنى تېپىپ چىقىشىمىز دىگەنلىك، كۇتۇپخانىدا ھەر قانچە كىتاپ ئاز بولغان بىلەن ئوقۇيدىغان بىر قانچە ياخشى كىتاپنىڭ چىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بىز دىمەكچى بولغان يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش بولسا، كۇتۇپخانىدىن باشقا يەرلەردىن كۇتۇپخانىدا تاپقىلى بولمايدىغان ياخشى ماتېرىياللارنى ئىزدەشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق قىلغاندا، بىر تەرەپتىن كىتاپ ماتېرىيال سېتىۋالغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا كۇتۇپخانىدىكى ياخشى كىتاپلار بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ. بىز دوستلار ئارقىلىق قوشنا مەكتەپتىكى كىتاپلارنى كۆرسەك ياكى جەمىيەتتىكى كۇتۇپخانىلاردىن ئىزدەپ ئارىيەت ئالساق ياكى سېتىۋالساق بولىدۇ. كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ كىتاپ ئارىيەت ئېلىشتىمۇ مەلۇم ئۆلچەم بولىشى كېرەك. نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى دا جياڭ سېن لاڭ مۇنداق دەيدۇ: " ئامال بار كۆپ كىتاپ ئوقۇش كېرەك، پەقەت ناچار كىتاپ ئوقۇماسلىق كېرەك." گەرچە بىز "كىتاپ ئېچىپ كۆرسىلا پايدىسى بار" دىگەن بىلەن، لېكىن دۆلىتىمىزدىكى بەزى نەشرىياتنىڭ ئۆلچەملىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بەزى ناچار كىتاپ ماتېرىياللار بازارغا سىڭىپ كىردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاپ ماتېرىيال كىرگۈزۈشكە مەسئۇل بولغانلارنىڭ ياخشى-يامان كىتاپلارنى پەرق قىلىش سەۋىيىسىنىڭ چەكلىك بولغانلىقى

توپەيلى ئۇلار كىتاپنىڭ باھاسىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن(ئۇلانىڭ بۇنداق قىلىشى مەكتەپ ئۇچۇن پۇل تېجەش ئەمەس)، ھازىر ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى كۆپ قىسىم كىتاپلارنى پەقەت ئىككى سۆز بىلەنلا شەرھىيلەشكە بولىدۇ، يەنى: ئەخلەت كىتاپلار. گەرچە بۇنداق كىتاپلاردىن بىرەرنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرگىنىڭىزدە سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئىسراپ قىلمىغان بىلەن، سىز بۇ كىتاپنى ئوقۇغىلى كەتكەن ۋاقتىنى ھەرقانچە پۇل تۆلەپ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق تەشۋىقاتنى ئاساس قىلغان كىتاپلاردىن ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنى يىراق تۇتىشىمىز لازىم. كۇتۇپخانىلاردىن كىتاپ ئارىيەت ئالغاندا ئۇنىڭدىن كېلىدىغان كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتكە بەكلا ئېسىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. يەنى پەقەت ئىنتىھانغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغىلا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. مەن  ئېسىمدە قېلىشىچە ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدىن ئىنگىلىز تىلى 4-دەرىجە، 6-دەرىجىگە، ھەتتا ئاسپىرانتلىق ئىنتىھانىسىغا مۇناسىۋەتلىك كىتاپ ماتېرىياللارنى ئارىيەت ئېلىپ، قالغان كىتاپلارنى ناھايىتى ئاز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىيەت ئېلىپ كۆرگىنى ئېسىمدە، ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا بىر مەھەل بازار تاپقان«زامانىۋىلاشقان تورزاق» ناملىق كىتاپمۇ ئارىيەت ئېلىنمايدىغان كىتاپلارنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنالمىغان. ئەمەلىيەتتە، شۇنى ھېس قىلىمىزكى بىز ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمىزدا ئارىيەتكە ئالغان ئاشۇ ئىنگىلىزچە ماتېرىياللارنىڭ  ناھايىتى كۆپ قىسمىنى ئۇنتۇلۇپ قالغان بولىمىز ياكى ئۇنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايدىسىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىمىز. لېكىن باشقا كىتاپلار بىز ئارىيەت ئېلىپ كۆرگەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ پايدىسى بارلىقىنى بىلەلمەيمىز لېكىن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن بۇ كىتاپلارنىڭ پايدىسىنى بىز ئەمەلىي تۇرمۇش ئارقىلىق ھېس قىلىمىز. دەل شۇ سەۋەپتىن بىز بىرەر كىتاپ ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ۋاقتىنچە قانداق پايدىسى بارلىقىنى تېزلا بىلەلىشىمىز ناھايىتى قىيىن، شۇنىڭ ئۇچۇن بىز بۇ كىتاپنىڭ پايدىلىق كىتاپ ياكى پايدىسىز كىتاپ دىگەن پىكىر خىيالىمىزنى كاللىمىزدىن چىقىرىۋېتىشىمىز

لازىم. بىز بىرەر كىتاپنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا نىمە ئۈچۈن زادى پايدىسى بار ياكى يوق دىگەننى ئېنىقلىۋالىمىز؟ بەلكىم كىتاپ ئوقۇشنىڭ ئۆزى بىر خىل ھۇزۇرلىنىش خالاس. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچۈنچى يىللىقىدىكى ۋاقتىمدا«دۇ شيۇ ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتاپنى ئارىيەت ئېلىپ خېلىلا ئەستايىدىل كۆرگەنىدىم ھەمدە بۇ كىتاپ مەزمۇنى ھەققىدە ئازراق خاتىرىلەرنىمۇ يازغانىدىم. مەن بۇ كىتاپنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ ماڭا نىمە پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم ھەمدە بىرەر پايدا يەتكۈزەر دەيدىغان ئۈمىدىممۇ يوق ئىدى. لېكىن ئۈچ يىلدىن كېيىن، مەن شېنجېن شەھىرىدە ئىشلىگەن ۋاقتىمدا، چېن دۇ شيۇ نى ياقتۇرىدىغان بىر باشلىقىمغا يولۇقۇپ قالدىم. ئەلۋەتتە بۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن دەل مۇشۇ سەۋەپتىن باشلىقىم مېنى ئالاھىدە ياقتۇراتتى. مەن ئەمدىلا يەر مۇلۈك سودىسىغا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، "ھەجىم نىسبىتى"دەك بىر ئاساسىي سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ بىلمەيتتىم،لېكىن مىنىڭ بۇ باشلىقىم بار كۈچى بىلەن مېنى تەربىيلەپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ خىزمەتكە ناھايىتى تېزلا كىرىشىپ كەتتىم ھەمدە بۆلۈم باشلىقىمۇ بولىۋالدىم.

مېنىڭ بىر كەسپدىشىم لاۋزى بىلەن جۇاڭزىنىڭ پەلسەپىسىگە ناھايىتىمۇ قىزىقاتتى، ھەمدە تەرىقەتچىلەرنىڭ تەلىماتىدىنمۇ خېلىلا خەۋىرى بار ئىدى. بىر قېتىم مۇھىم خېرىدارنى زىيارەت قىلغىلى بارغاندا،خېرىدارىمىز دەل كىتاپ كۆرىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئىككەيلەن كىتاپ كۆرۈشتىن پارىڭىنى باشلىۋەتتى، خېرىدار بۇ دوستۇمدىن:"جوڭگو قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى ھەققىدىكى كىتاپلاردىن سىز قايسىسىنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز ؟" دەپ سورىدى. دوستۇم ئۇنىڭغا جاۋاپ بىرىپ:"لاۋزى جۇاڭزىنىڭ كىتاپلىرىنى بەكرەك ياخشى كۆرىمەن." دىدى. ئۇ دوستۇمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەستىنلا، خېرىدارىمىزنىڭ قاشلىرى ئويناپ كەتتى. بۇ ئىككەيلەن تەرىقەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە بىر نەچچە سائەت پاراڭلاشتى ھەمدى بۇ ۋاقىتتا سودا توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى.كېيىنچە بۇ دوستۇم سودا

ھەققىدىكى توختامنىمۇ ئىمزالىدى ھەمدە بۇ ئىككەيلەن يېقىن سىرداشلارغا ئايلىنىپ قالدى. بەلكىم مەن سۆزلەپ بىر يەرگە كەلگەندە بەزى كىتاپخانلىرىمىز كۆڭلىدە: مەنمۇ دەرھال كۇتۇپخانىغا بېرىپ «دۇ شيۇ ماقالىلەر توپلىمى» لاۋزى جۇاڭزىغا دائىر كىتاپلارنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈپ قويسام بولغىدەك دەپ ئويلايدۇ. لېكىن، سىز كەلگۈسىدىكى باشلىقىڭىزنىڭ "چېن دۇ شيۇ"نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، خېرىدارلىرىڭىزنىڭ سىز بىلەن لاۋزى توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟ ئەگەردە ئۇلارنىڭ ياقتۇرىدىغىنى كوڭزى، مېڭزى، سۇنزى ياكى كاڭ دې بولۇپ قالسىچۇ؟ پەقەت بىرلا تۆشۈكى بولغان بېلىق تورىدا بەلكىم بېلىق تۇتقىلى بولىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ساپلا تەلەيگە باغلىق. ئەگەر سىز ھەر قېتىمدا بېلىق تۇتۇشنى ئويلىسىڭىز، چوقۇم يېتەرلىك چوڭلۇقتىكى بىر بېلىق تورى ياساپ چىقىشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەر قېتىم تۇتقان بېلىق ئۇنىڭ بېلىق تورىدىكى بىر تور تۆشۈكى خالاس.

ئالىي مەكتەپتە زادى نېمە ئۆگىنىش كېرەك

بىرىنچى بۆلۈم، ئۆچ كىشى سەپەرگە چىقسا، چوقۇم ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇستاز بولىدىغان بىرى چىقىدۇ.

ئۆچ كىشى سەپەرگە چىقسا، چوقۇم ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇستاز بولىدىغان بىرى چىقىدۇ.

بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنمىز، "ساۋاقداش" دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلىۋېلىشىمىز لازىم. بىز بۇ يەردە دىمەكچى بولغان ساۋاقداش بىر سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنى كۆرسەتمەيلا قالماستىن، بەلكى باشقا سىنىپتىكى باشقا فاكولتېتتىكى ساۋاقداشلارنى، يۇقىرى يىللىقتىكى ۋە تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆز-ئارا "مەكتەپداش"، "ئاكا-سىڭىل" دەپ چاقىرىشسا بەلكىم تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىشى مۇمكىن. "ساۋاقداش تاللاش"، مەلۇم بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا"بىلىم ئەھلىنىڭ كىملىكىنى بىلىش"، "كۇتۇپخانىدىن پايدىلىنىش"نىڭ داۋامى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇغان

ۋاقتىمىزدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەلۇم بىر پەنگە ئېتىبار بېرىش ئېڭىدا بەك چوڭ پەرق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر پەنگە ئېتىبار قىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، تەبىئىي پەن ئۆگەنگەن بىر ئوقۇغۇچى فىزىكىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئىجتىمائىي پەن تاللىغان ئوقۇغۇچى تارىخ دەرسىنى ۋاز كەچمەيدۇ. لېكىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىدا بولسا ھەر بىر كىشىنىڭ زېھنىنى قويىدىغان يېرى ئوخشىمايدۇ. ئىنگلىزتىلى دەرىجە ئىمتىھانىغا ئوخشاش تەييارلىق قىلغاندىن سىرت، ئوخشاش بىر كەسىپتىكى ئوقۇغۇچىلانىڭمۇ تەتقىق قىلىدىغان نىشانى ئوخشاش بولمايدۇ.

مەسىلەن، ئوخشاشلا خەنزۇتىلى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى جاڭ ئەي لىڭ نى تەتقىق قىلىشنى ياقتۇرسا، يەنە بەزىلىرى شېن سوڭ ۋېننى تاللىشى مۇمكىن. بەلكىم يەنە بىر مەھەل ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ يۇمۇرىستىك ئىلمىنى تەتقىق قىلىدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن، مانا بۇ ئەتراپىمىزدىكى ھەر بىر ئادەمدىن ئۆگىنىشنىڭ لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان باللار ئوخشاش بولمىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن بىلىم ئالىدۇ، ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى ئالاقە ئارقىلىق باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، سىنىپىمىزدا ئۆز-ئارا مۇنازىرە قىلىش شامىلى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ **80**- يىللاردىكى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردا ئادەتتىكى ئىش ھېساپلىنىدۇ، لېكىن ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردا بۇنداق روھنى تاپقىلى بولمايدۇ. گەرچە مېنىڭ سىنىپىمدا ئارانلا 32 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم دەرسلەردە بىزنىڭ سىنىپىمىزدا مەسىلىلەرنىڭ بىر قانچىلىغان مەسىلىلەرگەئايلاندۇرۇپ ئۆز ئارا مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتۇق.بەزى مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار پەلسەپە نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرسە، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بۇ مەسىلىنى قا نۇن نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇنازىرە قىلاتتى، قالغانلىرى بولسا بۇ مەسىلىنى دەرھاللار

ماتېماتىكىلىق نۇقتىنەزەرلەر بىلەن ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. لوسۇ، دۇۋېي، خايۆكې، كۇن لا دې.... قاتارلىقلار گەرچە ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ياشىغان بىلىم ئىگىلىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئوخشاشلا تارتقاندى. گەرچە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىسپاتلىماقچى بولغان نۇقتى نەزىرى ئوخشاش بولمىغان بىلەن، لېكىن بۇنداق مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ بىلىمىدىن ئۆز ئارا پايدىلىنالايمىز، ئۆگىنىۋالالايمىز.ھەمدە بۇ خىل مۇنازىرە ئارقىلىق يىڭچە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى شەكىللىنىدۇ، بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ بىلىمىنىڭ ئىلگىرىلىشىدە تۈرتكىسىز رول ئوينايدۇ،ھەمدە بۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا، مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ روللارنى ئوينايدۇ.

بىرىنچى بۆلۈم ئۈچ يول ئېغىزىدىكى ھەل قىلغۇچ تاللاش

ئىككىنچى، ھاياتىمىزدىكى تاللاش: ئۈچ يول ئېغىزىدىكى ھەل قىلغۇچ تاللاش

ئەگەر يىراق بىر يولغا چىقماقچى بولساق، ئېتىمىزنىڭ تىز يۈگۈرىشى، ھەمدە ئامال قىلىپ ئەگىتمە يوللارنى ماشماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەگىتمە يوللارنى باسماسلىقىمىز--يەنى تۈز، يېقىن يوللاردىن مېڭىش كېرەك دىگەنلىكتۇر. شۇ ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ئەگىتمە يوللارنى باسماسلىقىمىز ئۈچۈن، بىر ئەڭ ئاۋۋال كەلگۈسىدىكى نىشانىمىزنى ئوچوقلاشتۇرىۋېلىشىمىز، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ بۇ كەلگۈسىدىكى نىشانىمىز ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. نىشانسىز يولغا چىققاندا تۆگمەن تېشىدەك بىر قىردىن چىقالماي چۆگىلەيمىز خالاس. بىز بەلكىم ئىلگىرىلەشنى خالىمايدىغان، ئۆز-ئۆزىنى خار قىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرسەك ئاچچىقىمىز كېلىدۇيۇ، لېكىن بۇ توغرىلىق بەك تالىشىپ كەتمەيمىز، لېكىن بەزى تىرىشچان كىشىلەرنىڭ ئەگرى يوللارنى جىق بېسىپ، ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرنى كۆرسەك بۇنداق ئادەملەرگە بەكمۇ

ئەپسۇسلىنىمىز.

مەن ئىلگىرى ئۇچراتقان بىر كىشى دەل مۇشۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇ ئىلگىرى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ ئاسپىرانتلىققا ئىنتىھان بېرىشىنى، ئاندىن يەنە دوكتورلۇقنى ئوقۇپ بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىغانىدى. ئۇ دەل مۇشۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشىنى مەكتەپنىڭ كۇتۇپخانىسىدىلا ئۆتكۈزەتتى. لېكىن بىز ئالىي مەكتەپ 4- يىللىقىغا چىققاندا، ئۇ تۇيۇقسىز مەمۇرىغا ئىنتىھان بېرىشكە قىزىقىپ قاپتۇ ۋە ئىنتىھانغا قاتنىشىپ بىر ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا بىرەر يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ كەسپتە تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ شىنجىن شەھىرىگە كەلگەنىكەن. كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۇ بىر نەچچە خىزمەت ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان.

ئەگەر توقاي يوللارنى ئازراق بېسىش ئۈچۈن، ھەر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەلگۈسى ھاياتىمىز توغرىسىدا پىلان تۈزۈشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. ئاساسىي قىلىپ ئېيتقاندا ھەر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ خىل تاللاش يولى بار. يەنى: سودا ساھەسى، ئىلىم پەن ساھەسى، مەمۇرىيلىق(ئەمەلدارلىق) يولى قاتارلىقلار. مەن بۇ ئۈچ نۇقتا بويىچە كەلگۈسى ھايات پىلانى توغرىسىدا توختىلىمەن. باشقا خىل كەلگۈسى ھايات پىلانى توغرىسىدا كېيىنچە مەخسۇس تىمىلاردا ئايرىم توختىلىمەن. "ئەمەلدارلىق يولى" نىڭ كۆرسىتىدىغىنى پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىش ياكى باشقىچە "دۆلەت تامىقى" يەيدىغان ئورگانلارنى كۆرسىتىدۇ. "سودىگەرلىك يولى" نىڭ كۆرسىتىدىغىنى پايدىنى كۆزلىگەن بازارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى "ئىلىم پەن ساھەسى" نىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئامال قىلىپ ياخشى ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، مەلۇم بىر پەن ساھەسىدە مەلۇم نەتىجىگە

ئېرىشكەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپ ياكى باشقا تەتقىقات ئورگانلىرىدا تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش. بەزى كان-كارخانىلاردىكى تېخنىك ئىشچىلارمۇ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىغا قاتناشسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تۆرلەر بەلكىم لوگىكىغا بەكلا ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن. مەسىلەن دوختۇرلۇق كەسپى، بۇ كەسىپ ئالدىنقى ئۈچ تۆرنىڭ بىرەرىگە كىرگۈزۈشتە سەل مەجبۇرىي ھالدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن بەزى كەسىپلەر بۇ ئۈچ خىل تۆرنىڭ بىر قانچىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ياكى بىرەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئەمەلدارلار. لېكىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل كەلگۈسى ھايات پىلانىنى تۈزگەندە، بۇ ئۈچ نۇقتىنى باشلىنىش قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيتى بار.

خىزمەت ئىزدەش يولىدىكى بۇ ئۈچ خىل تاللاشنىڭ توغرا مېخىمىزدە ئايدىڭلاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن، بىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىمۇ ئېنىقلىشىدۇ. يەنى: ھاياتنىڭ بۇ ئۈچ يول ئېغىزىدا بىز نېمە قىلىپ، نېمىدە توختايمىز دېگەن مەسىلىدە ئويلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ!!! پەقەت سودىگەر چىلىك يولىغا مېخىشنى بېكىتكەندىن كېيىن، قايسى خىل سودا بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلاشقىلى بولىدۇ؛ پەقەت ئىلىم-پەن ساھەسىدە تەرەققىي قىلىشنى بېكىتكەندىلا قايسى تۈردە تەرەققىي قىلىشنى ئويلاشقىلى بولىدۇ.

جۇيۇەنجاڭ ئەڭ دەسلەپدە بىر ھېراۋۇل(节度使) بولۇشنى ئويلاشقاندى، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بولدى. ئەگەردە ئۇ ئەڭ دەسلەۋدە بىرەر ھۈنەرۋەنچىلىك دوكىنى بولۇشنى نىشان قىلغان بولسا، بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى چوڭ بايلاردىن بولۇپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا ھېچ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىرالماي، نامسىز بىر ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭمۇ ئېھتىمالى بار ئىدى، چۈنكى پادىشاھ بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەم سودىگەرچىلىككە ماس كېلىشى ناتايىن.

يۇقىرىدا دېيىلگەن كەلگۈسى ھايات توغرىسىدىكى تاللاش يولىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي كەسىپلەرنى بۆلۈشتىكى پىكرى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. ھەر قانداق بىر كەسىپنى مۇشۇ ئۈچ يولنىڭ بىرىنى تاللىشى مۇمكىن. بىر خەنزۇتىلى فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بەلكىم بىرەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا كاتىپلىق قىلىشى مۇمكىن، بىر قانچە يىللاردىن كېيىن ئۇ ئەمەلدارلىق يولىغا مېڭىش مۇمكىن؛ ئۇنىڭ يەنە شىركەتلەرگە كىرىپ، خىزمەت قىلىشى ياكى تېلېۋىزىيە ئىستانزىلىرىدا ئىشلىشىمۇ مۇمكىن، ھەتتا پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۆلارنىڭمۇ شىركەتنىڭ خوجايىنى بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ يەنەبىر خىل مۇمكىنچىلىكى بولسا ئۇ ئاسپىرانتلىق ئوقۇغاندىن كېيىن، دوكتۇرلۇقنى ئوقۇپ بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولىشى، بىر قانچە يىللاردىن كېيىن«قىزىل راۋاق» نى تەتقىق قىلغۇچىلاردىن بولۇپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمۇ مۇمكىن.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمدا، مېنىڭ سىنىپىمدىكى 32 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممەيلەننىڭ ئۆگەنگىنى ئەدىيە-سىياسىي تەربىيە بولۇپ، بىز مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتتۇق. بەزىلىرىمىز دۆلەت ئورگانلىرىغا كىردۇق ياكى ھەربىي بولدۇق؛ بەزىلىرىمىز دوكتۇرلۇققىچە ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرەر ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولغانلارمۇ بار ئەلۋەتتە؛ يەنە بەزىلەر (بۇ مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوخشاش بولمىغان كارخانا-ئىگىلىكلەرنىڭ خىزمەت بىناسىدا ئالدىراش يۈرىمىز.

ئەمەلدارلىق سېپىگە ئاتلىنىش:چەكسىز مەنزىرە، مۇزنى سىلاپ يول يۈرۈش

ئەمەلدارلىق ئورۇن قارىشى

دۆلىتىمىزدە نەچچە مىڭ يىللىق ئەمەلدارلىق كۆز قارشى تۈپەيلىدىن، نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئەمەلدار بولىشىنى ئۈمىد

قىلىدۇ، ئەگەردە بىرەر شىركەتكە كىرىپ خىزمەت قىلسا بۇنى بىر خىل نومۇسلۇق ئىش دەپ بىلىدۇ.

مېنىڭ بىر يۇرتدىشىم خۇنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭ مەلۇم رايوننىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش ئورنىدا ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەندى. بۇ خەۋەرنى ناھايىتى تېزلا يۇرتتىكىلەرمۇ بىلىپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى جايلاردىكى تۇققانلىرىمۇ بۇلارنى تەبرىكلەپ سوۋغىلارنى ئېلىپ كىلىشتى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ زىياپەت ئۈچۈن تىزىلغان ئۇستەل ئوندىن ئېشىپ كەتكەن ئىكەن.

ھەممە ئىشنىڭ جۈرىسى بار دىگەندەك، مېنىڭ يەنە بىر دوستۇم خۇنەن ئۆلكىسىلىك سىياسى كېڭەشكە ئىنتىھان بەردى. يازما ئىنتىھان ۋە يۈزتۇرانە ئىنتىھاندا نەتىجىسى بىرىنچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ دوستۇمنى چوقۇم ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلاشقاندى. ئادەتتە ئۇلار بىلەن بەكمۇ قويۇق ئالاقە قىلىپ كەتمەيدىغانلارنى ئۇنىڭ ئاتا ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشتى ۋە ياكى تەبەسسۇم بىلەن قارايدىغان بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا مېنىڭ بۇ بىچارە دوستۇم تەن ساغلاملىق تەكشۈرگەندە تەلىيى كەلمەي قالدۇرۇۋېتىلدى، بۇ نى ئاڭلىغان قۇلۇم قوشنىلىرى تېزلا بۇلار بىلەن ئەسلىدىكى مۇناسىۋەتكە قايتىپ قالدى، ھەتتا بەزىدە بۇ ئىشنى ئېلىپ چاخچاق قىلىدىغان بولىۋالدى.

ئىلمدە مۇستەقىل بولۇش

يۇقىردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئىلىم-پەن بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمدە مۇستەقىل بولۇشنىڭ دائىرىسىگە ئەكىرىشكە بولىدۇ . لىكىن ئادەتتە ئىلمدە مۇستەقىل بولۇش دېگىنىمىز سىياسىي ئاڭ شەكلىدە مۇستەقىل بولۇشنى كۆرسىتىدۇ . ئالىي مەكتەپتىكى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك بوشاشماي، زېرىكمەي كۆرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ياۋروپادىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن مۇستەقىللىق كۆرىشى ئېلىپ بېرىپ باققان .

پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى دەسلەپتىلا ئۆزىنى باشقۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ مۇستەقىللىقى ۋە ئىلىمدە مۇستەقىل بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قان ئاققۇزدى ھەم قۇربانلىقلارنى بەردى. كېيىن باشقا ئالىي مەكتەپلەرمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك كۆرەشنى باشلىۋەتتى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بېرلىن ئۇنىۋېرستېتى ۋەكىل بولۇپ، " ئالىي مەكتەپ مۇستەقىللىقى ۋە ئىلىم ئەركىنلىكى"، " ئىلمىي تەتقىقات بولسا ئالىي مەكتەپتىكى ئاساسلىق مەجبۇرىيەت" نى مەركەز قىلىپ " ئىلىم ئەركىنلىكى " ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان . بۇ يەردە ئالىي مەكتەپتىكى ئىلىم ئەركىنلىكى ۋە ئىلىم ھوقۇقى باشتىن ئاخىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئىلىمگە بولغان قوغلىشىش ۋە ھەقىقەتكە بولغان ئىزدىنىشنى ئۆزىگە بۇرۇچ قىلغان .

ئۆگەنگۈچى پەقەت ئەقىل ئىدراكقا، ئىلىم پەنگە بويسۇنىدۇ، لېكىن ھەر قانداق سىياسىي ۋە دىنغا بويسۇنمايدۇ. مۇستەقىللىق بىلەن ئۆزىنى باشقۇرۇش، سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىش ، ئەركىن ئۇستىدە ئىزدىنىش ، ھەقىقەتنى قوغلىشىش ، غايىسىدە چىڭ تۇرۇش ، شۇنىڭدەك يۇقارقى ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەردە ھەم ئىنقىلاب ئالدىدا تەۋرەنمەسلىكتەك بۇ خىل ئامىللار ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى .

ھالبۇكى جوڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئۆگەنگۈچىلىرى ئۆگىنىپ ئىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ زىيالىلار ئەزەلدىن بىر پۈتۈن گەۋدە ئۈچۈن قىممەت قارىشى قوغلاشقان ئەركىنلىكىنى ئىزلەپ باقمىغان .

بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى ھازىرقى جوڭگو ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ پىشۋاسى، گەرچە تۆتىنچى ماي ھەركىتىنىڭ ئالدىنى ھەم باشقا ئاز بىر قىسىم ۋاقىتلاردا مۇستەقىل ئىزدىنىش روھىدا بولغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئالدىنقى ئەۋلادلىرى بولسا جوڭگو تارىخىدىكى 2000 يىلدىن ئارتۇق دەۋر سۈرگەن خانلىق تۈزىمىدە تەربىيىلەنگەچكە، 1898 يىلى قۇرۇلغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولسا سىياسىينىڭ بىر مەھسۇلاتى خالاس. كېيىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتىمۇ ئۆزىنى

سىياسىنىڭ قوينىغا ئاتماقچى بولغان، لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگاردلىق رولىنى ئوينىغان. ھەقىقىي يوسۇندىكى ئالىي مەكتەپ بولۇش، ئىلمىدە مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن يەنە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىشى كېرەك ئىدى. ھازىرقى بىر قىسىم ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى جوڭگو ئالىي مەكتەپلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلمىدە مۇستەقىل بولۇش يولى ئۇزۇن ھەم تېخى ھەقىيقى باشلانمىغان .

يۇقۇردا ئېيتىلغان گەپلەر قاراشقا ئىنتايىن ماكرولۇق ۋە ئابىستىركىتلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم تەھسىل قىلىشنى ئىرادە قىلغان بىلىم ئەھلىلىرى ئويلاشمىسا بولمايدۇ . سىز ھەقىقىي بىر ئۆگەنگۈچى ھەمدە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى باشلىدىڭىز ، ئۇنداقتا ئىلىم ئەخلاق-پەزىلىتىڭىز ئەقىل-ئىدراكقا بويسۇنامدۇ ياكى سىياسىغىمۇ ؟ گەرچە نەزىرىيە جەھەتتە ئەقىل ئىدراك بىلەن سىياسىي بىرلىككە كېلەلىسىمۇ ، لېكىن رېئاللىق كۆپىنچە ۋاقىتتا سىزدىن ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مەسىلە توغۇرلۇق كۆپ سۆزلەشكە ئامالسىزمەن، ئىلىم يولىدا ماڭغان سىزدىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم، ئەگەر تاللاشقا توغرا كەلسە چوقۇم جاسارەتكە تولغان ھالدا قەلبىڭىزدىكى قىممەت قارشى ئۆلچىمى بويىچە ئالغا قاراپ مېڭىڭ ، شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا يولىڭىزنىڭ راۋان بولۇشىنى تىلەيمەن .

سودا سارىيى : مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق

بىر قانچە يىل ئىلگىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە مۇنداق بىر ئېغىز سۆز مودا بولغان، يەنى: ئالدىنقى قاتلامدىكى ئىقتىساد ئىگىلىرى ئىدارىغا، ئىككىنچى قاتلامدىكى ئىقتىساد ئىگىلىرى تاشقى مەبلەغ شىركەتلىرىگە، ئۈچۈنچى قاتلامدىكى ئىقتىساد ئىگىلىرى مىللىي كارخانىغا بارىدۇ. لېكىن جوڭگونىڭ كۆنسىرى سىياسىينى مەركەز قىلغان جەمئىيەتتىن ئىقتىسادنى مەركەز قىلغان جەمئىيەتكە ئايلىنىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنداق دەيدىغان كىشىلەر ئازلاپ كەتتى. " فۇرال ۋە كالتەكتىن

ھوقۇق چىقىدۇ " دىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈم ھازىر " ئىقتىسادىي ئورۇن پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى بەلگىلەيدۇ " غا قاراپ ئۆزگەرمەكتە .

ئىقتىسادنى مەركەز قىلغان جەمئىيەت دېگەنلىك پۈتكۈل جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا، سودا ساھەسى سىياسىي ساھەسى نىسبەتەن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ، گاتېس ۋە كېلىنتون بۇ ئىككى يىل ئىچىدە، ئىقتىساد جەمئىيىتىدە ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ بايلىقنى ۋە تېخىمۇ چوڭ گەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر . بۇنداق مۇھىت ئاستىدا، مەن باشقىلارغا " سىز ھېچقانداق ساپا ھازىرلىماپسىز ، شۇڭا سودا ساھەسىگە كىرىشكە ماس كەلمەيسىز " دېيىشكە ئاساسىم يوقتۇر. چۈنكى بۇ دەۋىردە ئىقتىساد ھەممىنى ئۆز دائىرىسىگە ئالالايدۇ .

خاراكتېرىڭىزنى ئانالىز قىلىپ ئالىي مەكتەپنى، ھاياتىڭىزنى پىلانلىغاندا، ئەگەر ئۆزىڭىزنى ئىلىم ياكى سىياسىي دۇنياسىغا كىرىشكە ماس كەلمەيمەن دەپ ھېس قىلىپ سودا دۇنياسىدا تەرەققىي قىلىشنى قارار قىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزدىن مۇنداق سوئالنى سوراڭ: مەن زادى سودا ساھەسىگە كېرىشكە ماس كېلەمدىمەن؟ ئىشخانا بىناسىدىن بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟ مەن بىر يارامىلىق سودىگەر بولۇش يوشۇرۇن كۈچىنى ھازىرلىدىمۇ؟ سىز ئويلاشقا تېگىشلىك مەسىلە بولسا: مەن قانداق قىلىپ بىر يارامىلىق سودىگەرگە ئايلىنالايمەن؟ سودا مەيدانىدىكى بىر قەھرىمانغا ئايلىنىش ئۈچۈن مەن يەنە قايسى تەرەپلەردە تىرىشىشىم كېرەك؟

دۇنيادا بەلكىم راستىنلا سودا تالانت ئىگىلىرى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەرگىزمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا سودا قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. مەن كىچىكىمدىن سودا پۇرىقى كەمچىل مۇھىتتا ياشىغانلىقىم، كېيىن يەنە مەسئۇلىيىتى ئېغىر پايدىسى كۆپ بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىم ئۈچۈن سودا بىلەن خوشۇم يوق، شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ۋە ئاسپىرانتلىق بەرگەندە ئىقتىساد كەسپىنى تاللىمىغان ئىدىم. لېكىن

خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قىرىشقاندەك سودىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. شىنجېڭدا خىزمەت بېسىمى ئوبدانلا ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئالىي مەكتەپتە ئېلان لايىھەلەش، بازار ماركېتىنىڭ تاكتىكىسى ۋە كارخانا باشقۇرۇش دېگەنلەرنى ئەزەلدىن ئۆگىنىپ باقمىغان، شۇڭلاشقا توختىماستىن ئۆگىنىشكە، ھەتتا ئىشتىن چۈشۈپ، ئىشقا چىققاندىكى پۈرسەتنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان ھالەتكە كەلگەن ئىدىم. بۇنداق ئۆگىنىش جەريانىدا، سودىغا ئۆچ مەن ئويلىمىغان يەردىن سودا ئويۇنىغا كۆنۈپ قالدىم ھەم ئامراق بولۇپ قالدىم.

مېنىڭ بىر دوستۇم ئىلگىرى كەنتتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، كېيىن مېنىڭ خىزمەت قىلىشىمغا شىنجېڭغا كەلدى. ئۇ ئەسلىدىلا سودىغا دائىر ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىمايتتى، يەنىلا ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ياكى مۇناسىۋەتلىك خىزمەت قىلغۇسى بار ئىدى. لېكىن شىنجېڭدا دېڭىزغا چۈشۈشنى خالىمىساڭمۇ لېكىن يەنىلا دېڭىز سۈيى تەرىپىدىن چۈشۈرلۈپ كېتەتتىڭ، شۇنداق قىلىپ بۇ دوستۇم ئاخىرىدا بىر تىجارەتچى بولدى. ئەمما، ئۇ بىر تېپىك سودا تالانتى يوق ئادەم بولۇپ، يېرىم يىلدىن بېرى نەتىجە قازىنالمايلا قالماي يەنە گەدەنگىچە قەرزگە بوغۇلۇپ ئاخىرلاشتى.

بىر قېتىم ئۇ مەيۈسلەنگەن ھالدا ماڭا :" يولدىن ئۆتكەندە مېنى ماشىنا سوقۇپ ئۆلسەم بوپتىكەن !"دېدى . مەن بىردىنلا ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشىمنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا :" گېرمانىيەدە مۇنداق بىر ئېغىز گەپ بارئىكەن: ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلمەكچى بولساڭ بېنچ، باۋماغا سوقۇل، سانتاناغا ئەمەس ... ھازىر شىنجېڭدا بېنچ ، باۋمالار دېگەن تولا، سەن باۋما 600 ياكى 760 غا سوقۇلغاندىمۇ زىيان چوڭ بولىدۇ ! سەن راستىنلا سوقۇلۇپ ئۆلمەكچى بولساڭ ، ئاز دېگەندىمۇ پۈرسەت تېپىپ تەلىيى يوق كادىلاك ياكى لىنكولىنغا سوقۇل ..." بۇنى ئاڭلاپ دوستۇم ئاچچىقىدا كۈلۈپ قويدى .

بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاچچىق كۈلكىسى يارقىن شانلىق كۈلكىگە ئايلاندى. بىر

خېرىدارى بىر قېتىمدىلا ئۇنىڭ 4 مىليونلۇق مىلىنى سېتىۋېلىپ، خوجايىن ئۇنىڭغا 200 مىڭ پايدا بەردى . سىرتتىكى كىشىلەر بەلكىم بۇنى ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى دېيىشى مۇمكىن ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ھەممە كۆرەش جەريانىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى ، بۇ نەتىجە مىڭ بىر تەسلىكتە قولغا كەلگەن ھەم ئىرىشىشكە تېگىشلىك . بەنە بەلكىم بۇنىڭدا ئازراق تەلەيىنىڭ ئېلمېنتلىرى بولىسمۇ ، قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئاللىبۇرۇن ئەجىرگە تۇشلۇق نەتىجە يوق دەۋىر بولۇپ قالدى . باشقىچە ئېيتقاندا ، تىرىشسا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ، بىراق ياخشى نەتىجە بولماسلىقى مۇمكىن . ئەمما مېنىڭ بۇ دوستۇمنىڭ غەلىبىسىنى ئۇنىڭ  سودا قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان ھەم بىلمەيدىغان بىر ئادەمدىن سودا ئۇستىسىغا ئايلانغانلىقىغا مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ .

سودا بازىرىدا ھېچقانداق ئەپسانە بولمايدۇ ، پەقەت سەن ئۆزەڭگە مۇشۇنداق بىر پۇرسەت يارىتىپ، ھەمدە نىشانىڭغا قاراپ توختىماي تىرىشساڭ، ئىشەنگىنكى سەنمۇ بەلكى كەلگۈسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى ئاجايىپ ئەپسانىغا ئايلىنىشىڭ يۈتۈنلەي مۇمكىن.

ئەگەر سىزمۇ مەلۇم بىر كۈنى سودا دۇنياسىدا روناق تاپاي دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇنداقتا ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلىشقا باشلىسىڭىز بولىدۇ. قانداق كەسىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، مۇۋاپىق ھالدا بىر قىسىم ئىقتىسادقا، تىجارەتكە، بازارغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشىڭىز ھەمدە «جوڭگو تىجارەت گېزىتى» ، «جەنۇپ شامىلى» ، «جەنۇپ ھەپتىلىك گېزىتى» قاتارلىقلار ھەر خىل گېزىت-ژورنالار ئارقىلىق جوڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەنگىلى بولىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىمىزدىكى ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سودا تەپەككۇرىنى مەقسەتلىك ھالدا چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ .

سودا پۇرسىتى چەكسىز، بىراق پۇرسەت تەييارلىقى بارلارغا مەنسۇپتۇر. سىز ئالىي مەكتەپنىڭ قانچىنچى يىللىقىدا بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق

قىلىڭ. مەن سىزنىڭ دانالىقىڭىز ۋە مۇستەھكەم ئىرادىڭىز ئارقىلىق سودا دەۋرىدە مۆجىزە يارىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

داۋامى تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ.................

مەزكۇر كىتاپ ئىزچىل تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ ھەم بىر قىسىم تەرجىمە قىلىنىپ بولۇنغان قىسمى تەھرىرلەش خىزمىتىدە تۇرىۋاتىدۇ، تەھرىرلەش خىزمىتى ئۈلگۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋاختىنچە مۇشۇ قىسمى تەمىنلەندى. ئەگەر سىز مەزكۇر كىتابنى ئوقۇپ ياقتۇرغان بولسىڭىز قەدىمىڭىز ئىلقۇت بلوگىدا بولغاي، ئىلقۇت بلوگىدا داۋاملىق نادىر تەرجىمە ماتېرىياللىرى تورداشلار بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى!

ھۆرمەت بىلەن: ئەلسۆي تەرجىمە گۇرۇپپىسى

مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشقا باشقا ئەزالارنىڭ تەرجىمە قىلغان قىسمى كىتابنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى بولغاچقا، بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ تەرجىمە ماتېرىيالى تەھرىرلەشكە ئۈلگۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋاختىنچە تەمىنلەنمىدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشقا، لېكىن تەرجىمە ماتېرىيالى تېخى تورغا يوللانمىغان ئەزالاردىن:

تىنچ دۇنيا(PeaceWorld)، نۇرمەمەت(黑 马 — 号)، ئەركى(Erki) قاتارلىقلارنىڭ توغرا چۈشۈنىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: پەنگىيار